# پاناھلىق تىلەمسىز ؟

# ئەمسە كۆرۈڭ !!

تەرجىمە قىلغۇچى ۋە تۈزگۈچى: Weten Freedom

ياردەم قىلغۇچىلار ۋە ئۇچۇر
مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر:

Uygur Uygan

Fatime Uyghur

Elsöy Uyghur Oghli

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چەتئەلدە ياشاۋاتقان ۋە ئۇقۇۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلار:

ۋەتەنسىزلىك تۈپەيلىدىن ۋە خىتاينىڭ بىزگە قىلغان ناھەق مۇئامىلىسىنى ،مىللىتىمىز ئۈستىدىن يۈرگۈزۋاتقان رەزىل سىياسىتىنى قوبۇل قىلالماي ئۆز ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ نەچچە مىڭ كىلومىتىر يىراقلىقتىكى باشقا ئەللەرگە ئەركىنلىككىمىز ، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز ،ئەڭ مۇھىمى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كىلەچىكى ۋە مىللىتىمىزنىڭ دەردىنى غەرىپ دۇنياسىغا ئاڭلىتىپ خىتاينىڭ ئەپتى بەشرىسىنى ئاشكارە قىلىشتەك ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن كەپتىمىز.

چەتئەلگە كىلىۋاتقانلار دەسلەپتە كەلگەندە ئاساسەن ئوقۇش يولى بىلەن كىيىن پاناھلىق تىلەپ غەرىپ ئەللىرىدە كيىنكى ھايات تۇرمۇشىغا ئۇل سالماقتا.

چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز نىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كىيىن ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەت قىلغۇسى يوق.چۈنكى بىز قانچىلىك ئوقۇيلى ،قانچىلىك يۇقىرى ئۇنۋاننى ئالايلى خىتاي بەرىبىر چەتكە قېقىپ ھەرخىل باھانە سەۋەپلەر بىلەن خىزمەت بەرمەيدۇ ، بەرسىمۇ تۈللۈق ئوتتۇرنى پۈتتۈرگەن خىتاي بىلەن تەڭ قىلماي بىزقوبۇل قىلالمايدىغان باراۋەرسىزلىكنى ، كەمسىتىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىردۇ. چەتئەلدە ئوقۇپ ئەركىن مۇھىتتا كۆنۈپ قالغان شۇ ئىنسان ۋەتەنگە قايتىپ كوممۇنىست خىتاينىڭ قولدىكى سىقىلما مۇھىتتا ئۆز تەقدىرىنى تېپىش ئىنتايىن تەس بولغان كوممۇنىزىمچە تۈزۈمدە ياشاش جەريانىدا ئەركىن پىكىر قىلىشتىن سۆزلەشتىن ئايرىلىپ قەپەزدىكى قۇشتىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ .

شۇ سەۋەپتىن ئوقۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن كىتىپ بارغان قېرىنداشلىرىمىز بىر ئامالارنى قىلىپ شۇ دۆلەتلەردە قېلىشنى ياكى باشقا دۆلەتلەرگەكىتىشنى ئارزۇ قىلدۇ.ئەمدى بىز ھازىر ئۆزىمىزدىكى .ئىقتىسادى شارائىتنى ئوتتۇرغا قويساق بۇ ھەممەيلەنگە ئايان.چەتئەلدە ئوقۇپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن غەلبىلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈشنىڭ ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەسلىكىنى ئوقۇۋاتقانلار بىلسىلەر. بۇ نىشانغا يىتىپ بولغۇچە نۇرغۇنلىغان ئىقتىساد ۋە ۋاقىت كىتىدۇ.ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ئېلىدىڭىز شۇ دۆلەت خىزمەت تېپىشىڭىزغا مەلۇم ۋاقىت بىردۇ.تاپالمىسىڭىز كىتىشكە مەجبۇرى بۇلسىز . دىمەك قايسى يولنى تاللاش كىرەك ؟ كىتەيمۇ قالايمۇ ؟كەتكۇم يوق ،ئەمسە قالاي ،قېلىشنىڭ يۇلى قايسى ؟

1.چەتئەللىككە تۇرمۇشلۇق بۇلۇش .بۇنى قوبۇل قىلالىسىڭىز بۇمۇ بۇلدۇ(.ئەلۋەتتە بىر دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياكى ۋەتەنداشلىق ئېلىپ بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن تۇرمۇشلۇق بۇلۇڭ)

2.خىزمەت توختامى.

3. شۇ دۆلەتتە مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىك تىكلەش. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ بىزگە مۇمكىنچىلىكى رىئاللىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تۆۋەن.ئەگەر مۇمكىن بولغان تەغدىردىمۇ خىتاي پاسپورتى بىلەن يۈرۈيسىز. ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەندە خىتاي سىزنىڭ پاسسپورتىڭىزنى يوق باھانە سەۋەپلەر بىلەن قارا چاپلاپ يىغۋېلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شۇ پاسسپورتىڭىزدىكى 10ياكى 20 يىللىق ئاشۇ دۆلەتتە تۇرۇشلىق رۇخسەتنامىڭىز ھېچقانداق كۈچ كۆرسىتەلمەيدۇ ۋە ئۇ دۆلەتمۇ سىزنى قايتۇرۇپ ئەكلىپ بىرەلمەيدۇ.چۈنكى سىز خىتاي تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇر.

4. پاناھلىق تىلەش. بۇ ئۇسۇل ئۇيغۇر تىبەت خەلقىگە نىسپەتەن ئەڭ مۇۋاپىق ئەڭ تىز ۋە ئۇنۇملۇك غەلبە قىلىش نىسپىتى 95پىرسەنت بولغان ئۇسۇل دىسەك ھەرگىز مۇبالىغە بولماس.چۈنكى غەرىپ ئەللىرى ھازىر ئۇيغۇرۋە تىبەتنىڭ دەردىنى بىلدۇ ،ئۇلارنى قايتۇرۇەتسە ئېنىق كەمسىتىلشكە ئۇچرايدىغانلىقنى ھەق ھۇقۇقلىرىدىن ئايرىلىدىغانلىقنى ھەتتا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىدىن خەۋەردار.

بىر مۇنچە ئىقتىساد بىلەن ئۆيدىكىلەرنى ۋە ئۆزىمىزنى چىقىم قىلىپ بىر نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلغاننىڭ بەدلىگە كۆڭۈلگە پۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ھاياتنى بىھۇدە سەرپ قىلغاننىڭ ئورنىغا پاناھلىقنى بالدۇرراق باشلاپ ئوقۇش خىزمەت تۇرمۇشنى بالدۇرراق ئىزىغا

چۈشۈرگەن ياخشى.نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ۋاقىتنى باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلماي شۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرلەش كېرەك.ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كىرەك.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز پاناھلىق تىلەش دېگەن بۇ ئىشتىن قورقىدۇ ۋە ئالدىراپ قۇبۇل قىلالمايدۇ.چۈنكى بىز ۋەتەندە ياشاش جەريانىدا خىتاينىڭ بىر ئىشنىڭ سەۋەبى ۋەھەل قىلىش يوللىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئاۋال بىھۇدە قورقىدىغان چۈچۈيدىغان پىسخىكىسىنى يۇقتۇرۋالدۇق ھەم خىتاي بىزنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن شۇنداق قىلىپ قويغان.

قورقۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئاتا-ئانىسنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىك ياكى ۋەتەنگە بارالماسلىق دېگەن خاتا تەشۋىقاتتىن ئىبارەت.ئاتا-ئانىمىز بىز سالامەت بولساقلا ھاياتىمىز نەدە ياخشى ئۆتسە ئۇلارمۇ خاتىرجەم بۇلىدۇ.پاناھلىق تىلەپ قۇبۇل بولغاندىن كېيىن سىز ئۇلارنى چاقىرتسىڭىز بۇلىدۇ.شۇ دۆلەتنىڭ ۋەتەنداشلىقىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كىم دەيدۇ سىزنى ۋەتەنگە بارسا بولمايدۇ دەپ.ۋەتەنداشلىققا ئۆتكەندىن كېيىن سىز شۇ دۆلەتنىڭ يەرلىك پۇقراسى بىلەن ئوخشاش ھەق ھوقۇقلارغا ئىگە بۇلسىز . ئۇلار دۇنيانىڭ قانداق يېرىگە ساياھەت قىلىپ بارالىسا سىزمۇ شۇ يەرگە ساياھەت قىلىپ بارالايسىز.(ئەگەر ۋەتەندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن سىز خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تىزىملىكىگە چۈشكەن نۇقتىلىق ئادەم بولمىسىڭىزلا)

سىلەرنىڭ پاناھلىق تىلەش دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ياخشى چۈشىنىشىڭلار ۋە توغرا ئىستىمال قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە بۇ ئىشنى ئويلىشۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىشنى نەدىن باشلاش ،تەييارلىقنى قانداق قىلىش كىرەك دېگەن نۇقتىلارنى يۇرتۇپ بىرىش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى ماتىريالنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.سىلەرگە پايدىلىنىش قىممىتى بۇلۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.(تەرجىمە جەريانىدا خاتالىقلار يۈز بەرگەن بولسا ھەرقايسىڭلاردىن سەمىميلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن.)

خوش ،ئۇنداقتا پاناھلىق تىلەش دېگەن زادى قانداق ئىش ؟ ئۇ زادى قانداق شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ ؟قانداق ئادەملەر پاناھلىق تىلەيدۇ ؟

دىققىتىڭلار تۆۋەندىكى شەرتنامىدا بولسۇن.

# جەنۋە شەرتنامىسى(1951)

تۆۋەندىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىلىپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشتىن قورقۇۋاتقان ، بېرىشنى خالىمايدىغان ، ۋەتەنگە قايتىپ بارسا ئۆز ھاياتى كېپىلىگە ئىگە بولمايدۇ دەپ قارايدىغان كىشىلەر پاناھلىق تىلىگۈچى دەپ قارىلىدۇ ، بۇ سەۋەپلەر تۆۋەندىكىچە :

1 .ئىرقي سەۋەپ

2. دىنىي سەۋەپ

3 .دۆلەت تەۋەلىكى سەۋەبى

4.ئالاھىدە بىر ئىجدىمائىي گۇرۇپقا تەۋە كىشىلەر

5.ئۆز ۋەتىنىدىكى مەۋجۇت بۇلىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىغا ئوخشىمايدىغان ياكى قارشى سىياسىي كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەر

يوقۇردا دەپ ئۆتۈلگەن ۋەتىنىگە قايتىشتىكى "قورقۇنچ" ۋە ۋەتىنىدە بولىۋاتقان "كەمسىتىلىش" نىڭ ئېنىقلىمىسى__

## يۇكسەك دەرىجىدىكى قورقۇنچ:

بۇ يەردە دېيىلگەن قورقۇنچ ۋەتىنىدىكى ھەقىقىي ۋەزىيەت ۋە ئوبىكتىپ رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بۇ قورقۇنچ يەنە سوبىكتىپ ھېسسىياتنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك ، يەنى پاناھلىق ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ باياناتى شۇ ئادەمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھى__ھالىتى ۋە ئۆز دۆلىتىدە خەتەرگە قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆز__ھەركەتلىرىنى ئۆز ئېچىگە ئېلىشى كېرەك. ھەم شۇ باياندا ئوتتۇرغا قويۇلغان قورقۇنچ پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ ئىلتىماسى قۇبۇل قىلىنغان دۆلەت تەرىپىدىن كۆرىلىۋاتقاندا باھالىنىدۇ ۋە بۇ قورقۇنچ چوقۇم ئىلتىماسىنى قۇبۇل قىلغان دۆلەت تەرىپىدىن باھالىنىۋاتقان ۋاقىتتا ھەقىقىي بولىشى كېرەك .

*يۇقارقىسى پەقەت كىلىشىمنىڭ تەرجىمىسى ، بۇنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: بۇ قورقۇنچ ۋەتەنگە بارسىڭىز سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىز كېپىلگە ئىگە بولمايدۇ ، سىزنىڭ ۋەتەنگە بارالماسلىقتىكى قورقۇنچىڭىز ۋەتەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى بىلەن بىردەك بۇلىشى كېرەك ، ئەگەر ۋەتىنىڭىزپۈتۈنلەي تىنىچ بولسا سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىز ئىنكار قىلىنىدۇ دىمەكچى.سىز ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سىزدە بار بولغان شۇ قورقۇنچنى ئىلتىماسىڭىزنى قۇبۇل قىلغان شۇ دۆلەت تەرىپىدىن كۆرۈپ چىقىلغان ۋاقىتتا بىردەك باھالىنىدۇ ، سىزدىكى بۇ قورقۇنچ باھالىنىش جەريانىدا چوقۇم ھەقىقىلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىشى كېرەك ، يەنە سىز ئىلتىماسىنى قىلىپ ئاندىن خالىغانچە ۋەتەنگە بېرىپ كەلسىڭىز ياكى خوشال__خورام ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرسىڭىز ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىلتىماسىڭىزنىڭ راست __يالغانلىقىغا تەسىرى بولىدۇ دىمەكچى.*

## كەمسىتىلىش:

بۇ يەردىكى كەمسىتىلىش بىر ئىنساننىڭ "كىشىلىك ھوقۇقى" نىڭ (روھى ،جىسمانىي ، ئەخلاقى ، ئىقتىسادى ) دەپسەندە قىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېغىر بولغان ۋە مۇتلەق قۇبۇل قىلىنمايدىغان قىلمىشتۇر. تەڭسىزلىك ، باراۋەرسىزلىك كەمسىتىلىش دەپ قارالمايدۇ. ئەمما چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن باراۋەرسىزلىك كەمسىتىلىشكە تاقىلىدۇ. جىنايەت جەھەتتىن كەمسىتىلىش قۇبۇل قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر بولۇپ كەتمىسىلا كەمسىتىلىشكە ياتمايدۇ.

كەمسىتىلىشنىڭ يۇقۇردا ئېيتىلغان 5 تۈرلۈك سەۋەبلىرىنىڭ چۈشەندۈرىلىشى :

### 1. ئىرقىي__(مىللەت) كەمسىتىلىش

بۇ ئۇقۇم چوقۇم كەڭرى دائىرىدىن چۈشۈنىلىشى كېرەك. مىللەت__مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار ۋە ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن مىراس شەكلىدىكى خارەكتىر-مىجەزگە ئىگە بولغان باشقا گۇرۇپتىن پۈتۈنلەي پەرىقلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى ئىنسانلار توپىنى كۆرسىتىدۇ. سان جەھەتتىن چوڭراق بولغان بىر گۇرۇپپىغا مەلۇم مەزگىل جايلاشقان (ئەزەلدىن ئەمەس ) بىر ئاز سانلىق ئىنسانلار توپى دەل مۇشۇ ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىرقىي كەمسىتىلىش ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە بۇلىنىشى دەپ قارىلىدۇ.

*ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر مىللىتى ۋەتەندىكى ختاي مىللىتىدىن تۈپتىن پەرىقلىنىدۇ ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان يەنە بىر مىللەت مەۋجۇت ئەمەس ، ئۇيغۇر ھەرگىز جوڭگۇلۇق ياكى ختاي ئەمەس ، ھەم ئۇيغۇر مىللىتى ختاي مىللىتى بىلەن ختاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن مەلۇم مەزگىل بىرگە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن(يەنى 60يىل ئەتراپىدا) ، ئەزەلدىن ياكى قەدىمدىن تارتىپ ختاي بىلەن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئەمەس ۋەختاي بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى يوق مىللەتمىز .*

### 2. دىنىي - ئېتىقاد جەھەتتىن كەمسىتىلىش

دىنىي - ئېتىقاد جەھەتتىن كەمسىتىلىش بولسا ئالاھىدە بولغان بىر دىنىي گۇرۇپقا ۋارىسلىق قىلىش ياكى شۇنىڭغا ئەزا بولۇش ياكى دىنغا ئاشكارە_يوشۇرۇن ھالدا ئېتىقاد قىلىش ياكى باشقىلارغا دىنىي تەربىيە بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ چەكلىنىشى ۋە شۇ سەۋەپتىن كېلىپ چىققان نارازىلىقنىڭ باستۇرۇلىشى بۇ ماددىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

*(ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئىسلام دىنى ، ۋەتەندە دىنغائەمەل قىلىشىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدەچەكلىنىۋاتقانلىقى ھەممىڭلارغا ئېنىق )*

## 3.دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى

نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر مۇستەقىل دۆلەتلەر بولغاچقا بۇ شەرتنامىدىكى دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى دىگەن ئۇقۇم بىر دۆلەتتىكى گىراژدانىنىڭ سالاھىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ ، ئەكسىچە بىر دۆلەتتىكى ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك رايۇنغا ، مىللىي مەدەنىيەت ، ئۆزىنىڭ ئايرىم تىلىغا ئىگە بولغان بىر گۇرۇپپىنى كۆرسىتىدۇ .

*يەنى _بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئاتالمىش شىنجاڭ ئەمەس ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدۇر ؛ بىز خىتاينىڭ ئۆيەر بۇ يەرلىرىگە چېچىلىپ كەتمىدۇق ، ئەزەلدىن ياشاۋاتقان ۋە ئەۋلادلىرىمىز تەرىپىدىن مىراس قالغان زىمىنىمىز بار ،شەرمەندە خىتاينىڭ بۇ تەۋەرۈك زىمىنغا قارا قولىنى ئۇزاتقىنى يالغانمۇ ئەمەس. شەرتنامىدە دىيىلگەندەك ئۆز ئالدىغا تىلىمىز ۋە خىتاينىڭ ساختا مەدەنىيەت تارىخىدىن نەچچە ھەسسە ئالىي بولغان پارلاق مەدەنىيەت تارىخىمىز بار. دىمەك بىز خىتاي مىللىتى ياكى جۇڭگولۇق ئەمەس ،ھېچنىمىمىز خىتايغا ئوخشىمايدۇ. خىتاينىڭ ھازىرقى دۆلەت تېرورتىرىيىسىنىڭ ئالتىدەن بىرسىنى ئىگەللەيمىز ، بۇ زېمىن 1949 _يىلى بېسىۋىلىنغان.*

## 4. ئالاھىدە بىر ئىجتىمائى گۇرۇپپا

جەمىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئورتاق ئالاھىدىلىككە ۋە كوز قاراشقا ئىگە بولغان بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك مىراس قېلىنغان ئۆزگەرمەيدىغان بولۇپ بۇنىڭدا كىشىلىك ھوقۇق چۈشەنچىسىنى ۋە ئۇنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى تونۇپ بىرەلەيدىغان ئاساسى ئېلمىنت بولۇشى كىرەك .

## 5.ئۆز ۋەتىنىدىكى مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىغا ئوخشىمايدىغان ياكى قارشى سىياسى كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەر

بىر دۆلەتتىكى ھۆكۈمران ھاكىمىيەت بىلەن پەرقلىق بولغان سىياسى كۆز قاراشقا ئىگە ئادەملەر نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە كەمسىتىلىش ئوبىكتى بولىدۇ. بۇ تۈردىكى سىياسى كۆز قاراش ئاممىۋى سورۇنلاردا پەيدا بولغان بولۇشى كېرەك. (ئەمما چوقۇم ئىپادىلىنىپ چىقىشى كېرەك دىگەنلىك ئەمەس .)ئەگەر ئېيتىلمىغان ياكى ئىپادىلىنىپ چىقىلمىغان سىياسى كۆز قاراشلار كەمسىتىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولسا بۇ خىل ئەھۋالدا سىياسى پاناھلىق ئىلتىماسى ئېتىراپ قىلىنىدۇ . گەرچە سىياسى پائالىيەتچىلەردە ياكى باشقىلاردا بولغان سىياسى كۆز قاراشقا ئىگە بولمىسىمۇ شۇلار بىلەن ئالاقىسى بار ياكى شۇلار بىلەن تۇققاندارچىلىق ۋە ياكى باشقابىر بېرىش كىلىش مۇناسىۋىتىدە بولغانلارنىڭ كەمسىتىلىش تۇيغۇسى ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

*بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن خىتاينىڭ تۈزۈمىگە قارشى پىكىردە ،ئۇلارنىڭ بىزگە تاڭغان كۆز قاراش ئىدىيەلىرىنى سىياسى تۈزۈلمىلىرىنى بىز ئەزەلدىن قۇبۇل قىلغان ئەمەس . مەسىلەن :جۇڭگو دىكى ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى دەيدىغان خىتاينىڭ پەلسەپەسىگە ئېنىق قارشىمىز خىتاي بىلەن قىلچىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇر قانداقمۇ جۇڭخۇا پەرزەنتى بولىدۇ ؟ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا تۇمەن مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېنىنىڭ ئېقىشىغا سەۋەپچى بولغان ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى شۇ كوممۇنىزىمنى قايسى بىر ئۇيغۇر قوللىسۇن ؟*

<u>يۇقارقىلار پاناھلىق تىلەشتە ئۆلچەم قىلدىغان شەرتلەر بولۇپ پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ ئىلتىماسى بۇنىڭ بىرلا تۈرىگە چۈشسە بولىدۇ ،ئەمما ئۇيغۇرلار 5 تۈرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىدۇ.</u>

## ۋەتىندىن قانۇنلۇق ئايرىلىپ كىيىن پاناھلىق تىلەش

بۇ دىگەنلىك گەرچە ئۆز دۆلىتىدىن  پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن ئايرىلمىسىمۇ چەت ئەلدە تۇرۇش جەريانىدا  ئۆز دۆلىتىدىكى  ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ يامانلىشىپ كىتىشى تۈپەيلىدىن شۇ  تۇرۋاتقان دۆلەتتە پاناھلىق ئىلتىماسىنى تىلىسىمۇ بۇلىدۇ . شۇ دۆلەتتە ھەر خىل خارەكتىردىكى  ئۇز دۆلىتىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى ھالدا سىياسى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى دىندىن باشقا بىر دىنغا كىرىشى ئوز دۆلىتىدىكى ئورگانلار شۇ ئادەمنىڭ ئاشۇ  پائالىيەتلىرىدىن  خەۋەردار بولغانلىقى ئۇ ئادەم قايتىپ بارغاندىن كىيىن جازاغا تارتىلسا پاناھلىق ئىلتىماسىنى قىلسا بۇلىدۇ.

*يەنى سىز ياۋروپا ياكى باشقا دۆلەتلەرگە ئۇقۇش مەقسىتىدە  چىقتىڭىز ، مەلۇم مەزگىل ئۇقۇدىڭىز ، شۇ دۆلەت سىزنىڭ ئۇقۇشقا كىلىپ ئۇقۇۋاتقانلىقىڭىزدىن خەۋىرى بار ، ئەمما بۇ جەرياندا سىز خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى پائالىيەت (مەسلەن نامايىش  ) ياكى خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى پائالىيەت ئىلىپ بىرىۋاتقان تەشكىلاتلار بىلەن بىردىكى بىلەن ئىشلىگەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدە بولغان ، بۇنىڭدىن خىتاي خەۋەردار بولدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز قايتالمايمەن دەپ پاناھلىق تىلىسىڭىز بۇلىدۇ دىمەكچى.*

## ئۆز دۆلىتىدە ئۆزىنى قوغدىيالماسلىق

سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچىلەر چۇقۇم ئوز دۆلىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغانلىقىنى كەمىستىلىش تۈپەيلىدىن ئۇلار ئۆز دۆلىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن ئۆزىنى قوغداشنى تەلەپ قىلالمايدىغانلىقىنى ياكى تەلەپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۇقۇم ئىسپاتلاپ بىرىشى كىرەك .

يەنى نىمە سەۋەپتىن ئوز دۆلىتىگە قايتىشنى خالىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى  ئەگەر قايتىپ بارسا ئۆزى ئىنىق دۇچ كىلىدىغان خېيىم خەتەرنى  چۇقۇم ئىسپاتلاپ بىرىشى كىرەك.

## ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش   (Subsidiary   Protection)

Subsidiary     دىگەن سۆزنىڭ لۇغەتتە بەك مۇھىم ئەمەس ياكى ئازراق مۇھىم دەپ شەرھىلىنىپتۇ. مەن بۇ يەردە ئىنسان ھەقلىرى رامكىسى بۇيىچە قوغداش دەپ ئالدىم .

چۈنكى پاناھلىق قۇبۇل 2 خىل ، بىرى  سىياسى پاناھلىق قۇبۇل ، يەنە بىرى ئىنسان ھەقلىرى بۇيىچە قۇبۇل.

بۇ كاتىگورىيە ئۆز دۆلىتىگە قايتسا ئېغىر خېيىم خەتەرگە  ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بىرەلەيدىغان كىشلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .

ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشتىكى نىگىزلىك ئۇقۇم بولغان ئېغىر خېيىم خەتەر تۆۋەندىكىدەك  شەرھىلىنىدۇ .

ئۆلۈم جازاسى  ،قىيىن قىستاق ، ۋەھشىيانىلىك ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خارەكتىردىكى مۇئامىلە ، جازا ،خەلقئارالىق ياكى دۆلەت ئىچىدىكى ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن كىلىپ چىققان ھاياتقا بولغان ئېغىر تەھدىت.

ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشنىڭ جەنۋە شەرتنامىسىدىكى قوغداش بىلەن بولغان پەرقى بولسا پاناھلىق ئىلتىماسىنى قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسى جەنۋە كىلشىمدىكى 5 تۈرلۈك كاتىگورىيە بويىچە كۆرۈلمەيدۇ.

گەرچە ئىنسان ھەقلىرى بويىچە قوغداش جەنۋە شەرتنامىسىدىكى 5 تۈرلۈك كاتىگورىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە تاپشۇرۇلغان پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ كۆرۈلۈش ۋە قارار بېرىلىش جەريانى جەنۋە شەرتنامىسى بويىچە كۆرۈلىدىغان سىياسى پاناھلىق ئىلتىماسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا پاناھلىق ئىلتىماسى ھەم جەنۋە شەرتنامىسى 5 تۈرلۈك كاتىگورىيە ھەم ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە قوبۇل قىلىنىدۇ ،ئىلتىماس ئاۋال 5 تۈرلۈك كاتىگورىيە بويىچە كۆرۈلىدۇ ئاندىن ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە كۆرۈلىدۇ.

بۇلار تۆۋەندىكى پرىنسىپلار بويىچە بولىدۇ:

پاناھلىق ئورگانلىرى جەنۋە شەرتنامىسى ھەم ئىنسان ھەقلىرى قوغداش بويىچە قارار بىرىدۇ. جەنۋە شەرتنامىسى بويىچە بەرگەن قارار ئالدىن ئويلىشىدۇ ، ئەگەر ئىلتىماس جەنۋە شەرتنامىسىغا چۈشمىسە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تۈرى ئاپتوماتىك بىكار قىلىنىدۇ.

ئولتۇراقلىشىش قانۇنىغا ئاساسەن ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە قوبۇل قىلىنغان پاناھلىق تىلىگۈچىگە ئاز دىگەندە بىر يىللىق ۋاقتى توشقاندا يەنە يەڭگۈشلىگىلى بولىدىغان ئولتۇراقلىشىش كارتىسى بىرىلىدۇ ؛ بۇنداق كارتا تاكى 5 يىلغىچە بىرىلىدۇ ،(يەنى 5 قېتىم) 5 يىلدىن (كېيىن مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش رۇخسەتنامىسى بىرىلىدۇ بۇ ئېتراپ قىلىنغان پاناھلىق تىلىگۈچى دىگەن گەپ).

ئەگەر پاناھلىق تىلىگۈچى جەنۋە شەرتنامىسى بويىچە قوبۇل قىلىنسا (يەنى سىياسى قوبۇل) بىراقلا 5 يىللىق ئولتۇراقلىشىش كارتىسى بىرىلىدۇ ، ھەم سىياسى قوبۇل ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە ئالغان قوبۇلدىن كۈچلۈكرەك ئېتراپ قىلىنىدۇ ھەم بەھرلىنىدىغان ھوقۇقلار كۆپرەك.

ئەگەر ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئادەمنىڭ دۆلىتىدە ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ تىنچلىق خاتىرجەملىك ئەسلىگە كەلسە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە بىرىلگەن قوبۇل ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا رازى بولمىسا ياكى بۇ قارارغا قارشى پىكىردە بولسا دەلىل ئىسپاتلار ئارقىلىق نازارلىق ئەرز سۇنسا بولىدۇ.

*ۋەتىنىمىزدىكى بۇلۇۋاتقان ئىشلاردىن غەرپ ئەللىرىنىڭ باشتىن ئاخىر خەۋىرى بار ، شۇڭا ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە قوبۇل قىلىنسۇن ئۇيغۇرلار بەربىر مەلۇم ۋاقىتتىن كىيىن مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش كارتىسنى ئالىدۇ.*

ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بويىچە قوبۇل قىلىنغان پاناھلىق تىلىگۈچى ۋەتىنىدىكى ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ تۇرۋاتقان دولەتتىكى تۇرۇش سالاھىيتى بىكار بولغاندا قايتىدىن پاناھلىق تىلەش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەگەر قايتىدىن پاناھلىق تىلەشتە چىڭ تۇرۋالسا چۇقۇم يىتەرلىك پاكىتلىرى بولۇش كىرەك.

## دۆبلىن شەرتنامىسى( Dublin tready)

دۆبلىن- ئىرلاندىيەنىڭ پايتەختى .

1995-يىلى دۆبلىن شەرتنامىسى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كىيىن ياۋروپا ئىتپاقىغا ئەزا دولەتلەر ئىچىدە بىر قېتىمدىن ئارتۇق پاناھلىق تىلەش چەكلەندى ، يەنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دولەتلەرگە تەۋە بولغان بىر دۆلەتكە پاناھلىق تىلىگەن بولسا 2 نچى بىر دۆلەتكە پاناھلىق تىلەش ھوقۇقى يوق.

پاناھلىق ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىشتىن بۇرۇن كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى دۆبلىن شەرتنامىسى بويىچە قايسى دۆلەتنىڭ شۇ ئىنساننىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ .

بۇ شەرتنامە Schengenياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ( بىلگىيە ،گوللاندىيە ،لىيۇكسۇمبۇرگ ،فىرانسىيە ،گېرمانىيە ،ئىتالىيە ،بىلگىيە

، ئاۋستىرىيە ،گىرىتسىيە ،ئىسپانىيە ، پورتۇگالىيە ،دانىيە ،نورۋىگىيە ،شىۋىتسىيە ،فىنلاندىيە ،ئىسلاندىيە ،ئەنگلىيە ، ئىرلاندىيە ) دە پاناھلىق ئىلتىماسىنى پەقەت بىرلا قېتىم قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىرلادۆلەتتە بىجىرىلىدۇ دەپ قارار بەرگەن.

پاناھلىق تىلىگۈچىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇرلار (يەنى قايسى دۆلەتتە پاناھلىق تىلىگەن بولسا ھەم بارماق ئىزىنى تاپشۇرغان بولسا

Schengen Information System ( Schengen ئۇچۇر سىستېمىسى)تەرىپىدىن ساقلىنىدۇ.

بۇ سىستېما 2نجى قېتىملىق پاناھلىق تىلەشنى بايقاپ قالىدۇ.

بۇ شەرتنامىگە يىقىندا دۇبلىن 2 دىگەن شەرتنامە تەرىپىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ، يەنى پاناھلىق ئىلتىماسىغا مەسئۇل دۆلەت توغرىسىدا قايتىدىن تۈزۈتۈلۈش كىرگۈزىلدۇ. بۇ شەرتنامە 2003-1نجى سىنتەبىر دىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولدى.

پاناھلىق ئىلتىماسى خىزمەت باسقۇچىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ بارماق ئىزى ئاپتوماتىك ماشىنائارقىلىق خاتىرلىنىدۇ.مۇشۇ ئۇسۇلدا بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈش ئورنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان باشقا بىر دولەتتە بۇرۇن پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرغان ياكى تاپشۇرمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ . ئەگەر ھەققەتەن باشقا بىر دولەتتە پاناھلىقتا ئىلتىماس قىلغان

بولسا ئىلتىماس قىلغۇچىنى شۇ دۆلەتكە قايتۇرىدۇ.

ئەگەر دۇبلىن تەكشۈرۈش ئورنى باشقا بىر دۆلەتنىڭ پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ ئىلتىماسىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بايقىسا پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسىغا(Immigration Service)

بىردىغان ئاغزاكى بايانان توختىلىدۇ ، ھەم 1نجى قېتىم پاناھلىق ئىلتىماسىن تاپشۇرغان دۆلەتكە ئوتكۈزۈپ بىرىدۇ.

ئەگەر 1نجى دۆلەت پاناھلىق ئىلتىماس خىزمىتىنى قايتىدىن بىجىرىشكە ماقۇللۇق بەرسە قايتىدىن چىگىردىن كىرىش بۇيرىقى بىرىدۇ.(ئەگەر پاناھلىق تىلىگۈچى ئىلتىماسىنى 2نجى دولەت چىگىرىسىدا مۇنداقچە ئېيتقاندا ئايروپورتتا تاپشۇرغان بولسا )

ياكى مەجبۇرى ھالدا 1نجى دولەتكە ھايدىۋېتىش ياكى ئوتكۈزۈلۈپ بىرىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.( ئەگەر 2نجى دولەتنىڭ ئىچىدە ئايروپورت ئەمەس- ئىلتىماسىنى تاپشۇرغان بولسا)

يۇقارقى ئەھۋال ئاستىدا پاناھلىق تىلىگۈچى 1نجى دۆلەتكە قايتۇرۇلۇش ھۆججەتلىرى بىلەن تەمىنلىنىدۇ ، ھەم مەسئۇل بولغان 1نجى دولەت چىگىرىسىغا ئاپىرلىپ بىرىلىدۇ.

ئەگەر دۇبلىن تەكشۈرۈش رامكىسى پاناھلىق تىلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنى تاپشۇرغان دولەتنى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىشقا بەلگىلىگەن بولسا(يەنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئىلگىرى باشقا بىر دۆلەتتە ئىلتىماس قىلىپ باقمىغان بولسا ، بۇ 1نجى دۆلەت بولغان بولسا ) بۇ دۆلەت ئىلتىماسىنى كۆرۈپ چىقىدۇ ؛ پاناھلىق تىلىگۈچى باشقا بىر دۆلەتتە پاناھلىق تىلىمىگەن بولسا كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىدۇ ، ھەم پۇتكۈل جەريان شۇ دۆلەتتە باشلىنىپ شۇ دۆلەتتە ئاخىرلىشىدۇ.

schengen شەرتنامىسىغا ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر دولەتلەر ئىمزا قۇيۇلغان بۇلۇپ شۇ

دۆلەتلەر ئارىسىدا ۋىزا سىز ساياھەت قىلىش رۇخسەت قىلىنغان.

بۇ شەرتنامە لىيۇكسۇمبۇرگنىڭ Schengenشەھىردە ئىمزا قۇيۇلغاچقا Schengen شەرتنامىسى دەپ ئاتالغان.

# كۆچمەنلەر مۇلازىمەتى(The immigration Service)

پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ئىلتىماسىنى تىزىملاش ۋە كۆرۈپ چىقىش كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىسى ، كوچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاماملاش ئۈچۈن توۋەندىكىدەك قەدەم باشقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

سىز پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرغاندا كوچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى سىزنىڭ بارماق ئىزىڭىزنى كۆچۈرۋالدۇ.ئۇلار سىزنىڭ سالاھىيتىڭىز ،دۆلەت تەۋەلىكىڭىز ، كىلىش يولىڭىز ، ۋەتىنىڭىزدىن قېچىپ چىقىشىڭىز سەۋەبلىرى گە ئائىت باياناتىڭىزنى ئاڭلايدۇ ۋە خاتىرلەيدۇ.

كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى سىزگە سىزنىڭ پاناھلىق تىلەش سەۋەبىڭىز ۋە ئۆز دۆلتىڭىزگە قايتىش مۇمكىنچىلىكىڭىز بار يوقلىقى ھەققدە جاۋاب بېرىشكە تىگىشلىك بولغان بىر جەدۋەلنى بېرىدۇ.

ھەم بۇ جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كىيىن تولدۇرغان مەزمۇنلار تەرجىمان ئارقىلىق سىزنىڭ تىلىڭىزدا سىزگە ئۇقۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىرەر خاتالىق ياكى كام ياكى ئارتۇق كەتكەن يەرلەر بولسا شۇ ۋاقتتا ئۈزگەرتسىڭىز بۇلىدۇ. ئاندىن سىز مۇقىملىغاندىن كىيىن ئىمزا قۇيىسىز.بۇ جەدۋەل سىزنىڭ ئارخىپىڭىز بىلەن پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ۋە دۆلتى يوق كىشلەرگە مەسئۇل ئورگانغا تاپشۇرلۇپ بېرىلىدۇ ، ئۇلار سىزنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىگىزنى بىجىرىشكە باشلايدۇ.

كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى ۆ نەرسىنى تەكشۇردۇ.بۇلار تۆۋەنكىچە :

1.دۇبلىن شەرتنامىسى بۇيىچە سىز ئىلگىرى باشقا دولەتلەردە پاناھلىق تىلىگەنمۇ يوق ؟

2.ياۋروپادىكى بىرەر دۆلەتتە جەمىيەت ئامانلىقىغا قارىتا خاتالىق سادىر قىلغانمۇ يوق ياكى سىز شۇ دۆلەتتە قارشى ئېلىنمايدىغان كىشلەر تىزىملىكىگە چۈشكەنمۇ يوق ؟

3. قايتا ئىلتىماس سۇنغانمۇ يوق ؟

دۇبلىن شەرتنامىسى

سىزنىڭ بەرگەن بارماق ئىزىڭىز سىزنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا باشقا بىر دۆلەتتە پاناھلىق تىلىگەنمۇ يوق شۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ ،ئەگەر شۇنداق بولسا سىزنى 1نجى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ .

قايتا ئىلتىماس

سىزنىڭ قايتىدىن پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇش ھوقۇقىڭىز بار ،ئەمما شۇنداق قىلشىڭىز ئۈچۈن سىز چۇقۇم بىرەر يېڭى ئەھۋالنى تەمىنلىشىڭىز كىرەك.(يەنى 1نجى قېتىملىقتىن پەرقلىنىدىغان ) ؛بولمىسا كۆچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى رەت قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار.ئەگەر رەت قىلسا رەت قارارنى ئىناۋەتسىز قىلىش ئۈچۈن كوچمەنلەر مەسلىسىنى قايتىدىن ھەل قىلىش ئورنىغا رەت قىلىنغان جاۋابنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ 30 كۈن گىچە نارازلىق ئەرز سۇنسىڭىز بۇلىدۇ.ئەگەر يەنە رەت قىلىنسىڭىز 5 كۈن گىچە شۇ دولەت تېرىتورىيىسىدىن چىقىپ كىتىشىڭىز كىرەك.

پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغاتاقىلىش   مەسلىسى

كوچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسى پاناھلىق تىلىگۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە چىگىردىن مەجبۇرى ھەيدىۋىتىش ھۇقۇقى بار ؛يىپىق لاگىر كوچمەنلەر مۇلازىمەت ئىدارىسىنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇندۇ ؛ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى رەت بولغان پاناھلىق تىلىگۇچىلەرنى ۋە چىگىردىن كىرىشكە قارشى ئېلىنمايدىغان كىشلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش  ھۇقۇقى بار.

# Interview--- Commissariat General

Commissariat General   پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى تەكشۈرۈش ھوقوقىغا ئىگە   بىر ھوقوقلۇق ئورگان.

Commissariat  General ئىنسان ھەقلىرى بۇيىچە پاناھلىك تىلىگۈچىنى قۇبۇل قىلغاندەك ھەم رەت قىلىش سالاھىيتىگە ئىگە.

Commissariat  Generalئاۋال پاناھلىق تىلىگۈچىنىڭ ئىلتىماسىنى جەنۋە پاناھلىق شەرتنامىسى ۋە ئىنسان

ھەقلىرنى قوغداش  بۇيىچە تەكشۈرۈپ چىقىدۇ.ئاۋال جەنۋە شەرتنامىسى بۇيىچە ئاندىن ئىنسان ھەقلىرنى قوغداش رامكىسى بۇيىچە كۆرىدۇ.

يۈز تۇرانە Commissariat  Generalنورمالدا سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىز مۇزاكىرە قىلىنىش جەريانىدا سىزنى ئاز بولغاندا بىر قېتىم چاقىرىپ ئېغىزاكى بايان ئالدۇ.

ھەتتا بۇ جەرياندا بىر نەچچە قېتىم چاقىرىلسىز ، ۋە بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزدە بار بولغان سالاھىيەتىڭىزگە  ئائىت بارلىق ھۆججەتلەرنى تاپشۇرسىز.

ئادەتتە سىزنىڭ ئادۇۋكاتىڭىز بۇلىدۇ ، سىز ئاغزاكى بايان بەرگەن كۈنى ئادۇۋكاتىڭىز سىز بىلەن بىربىپ  قاتنىشىدۇ.ئەمما ئۆۋزى خالىمىسا قاتناشمىسىمۇ بولىدۇ. ئادۇۋكاتىڭىز سىز بايان بەرگەن  چاغدا سىزگە ۋەكالىتەن گەپ قىستۇرۇشقا ھۇقۇقلۇق ئەمەس ،سىزنىڭ بايانىڭىز تۈگەپ سۇئال سوراقلار تاماملانغاندا ئاندىن سىزنىڭ دىمەي قالغان يەرلىرىڭىز بولسا تۇللۇقلاپ قۇيىدۇ.ياكى مۇھىم نۇقتىلارنى قوشۇپ قۇيىدۇ. سىزنىڭ ئاغزاكى بايانىڭىز جەرياندا ئادۇۋكاتىڭىز  سىزنىڭ ھەق ھۇقۇقلىرىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.ئادۇۋكاتىڭىز سىزنىڭ ئاغزاكى باياناتىڭىزغا كىلەلمىسە باشقا بىر ئادۇۋكات كەلسە بولىدۇ.

ئاغزاكى باياناتتا سىز چۇقۇم ئىشەنچلىك ، توغرا رىئال بولغان بايانلارنى بىرىشىڭىز كىرەك ؛شۇ دۆلەتكە كەلگەن يول توغۇرلۇق بەرگەن باياناتىڭىز ئىنتايىن مۇھىم.(يادرولۇق نۇقتا)

ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ، مىللەت تەركىبى ، كىملىكى ۋە شۇ دولەتنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى ئوز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنە ئورپ ئادەتلىرىنى ياخشى بىلىش كىرەك ۋە توغرا ئىپادىلەپ چىقىشى كىرەك.

ئىلتىماس قىلغۇچى ئوز دۆلىتىگە قايتماي پاناھلىق تىلىگەن دۆلەتتە تۇرۇپ قالسا ئۆزىنىڭ بىخەتەر بۇلدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تۇللۇق توغرا چۈشەندۈرۈپ بىرەلىشى كىرەك.

ئەسكەرتىش:

ئۆزىڭىز قاتناشمىغان ياكى بىلمەيدىغان ۋەقە ھادىسىلەرگە جاۋاب بىرىشتىن ساقلىنىڭ ؛ ئۆزىڭىز كۆرمىگەن نەرسىلەرنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسىز. ئەگەر ئۇ توغۇرلۇق سۆزلەپ قالسىڭىز سىزنىڭ قانداقسىگە ئۇ ئىشلارنى بىلدىغانلىغىڭىز  توغىرسىدا ئۆزىڭىزگە  سۇئال تۇغدۇرسىز ؛كىلىش يوللىرىڭىزنى تۆۋەندىكى سۇئاللار بۇيىچە تەييارلاڭ.

سالاھىيتىڭىز ۋە كېلىش يوللىرىڭىز

1.سىز ئەزەلدىن مەكتەپكە بېرىپ باققانمۇ ؟ قانچە يىل ئوقۇدىڭىز ؟ نىمە ئۆگەندىڭىز ؟

2.سىزنىڭ ۋەتىنىڭىزدە قىزلار ئوقامدۇ ؟

3.سىز خىزمەت قىلىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر خىزمەت قىلغان بولسىڭىز ، نىمە خىزمەت قىلغان ئىدىڭىز ؟

4.سىزنىڭ ئائىلىڭىز يېمەكلىك ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىگە قانداق ئېرىشىدۇ ؟ نەدىن كېلىدۇ شۇ نەرسىلەر ؟

5.ۋەتىنىڭىزدە ئادەتتە ئاياللار سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلالامدۇ ؟

6.سىز ۋەتىنىڭىزدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئەڭ ئاخىرقى ئىشلەتكەن ئادرىسىڭىز قايسى ؟

7.سىزنىڭ بىردىن كۆپ دۆلەت تەۋەلىكىڭىز بارمۇ ؟ ئەگەر بولسا قايسىلار ؟

ۋە سىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىڭىزغا ئائىت ئاددىي سوئاللار

پاناھلىق تىلىگەن دۆلەتكە كىلىش يوللىرىڭىز :

1.سىز بۇ دۆلەتكە كېلىشتىن بۇرۇن ۋەتىنىڭدىن باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر چىققان بولسىڭىز تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟ (قايسى يىلى ، ئاي ، كۈن ؟ نەگە ؟ قانچە كۈن تۇرغان ؟ نىمە مەقسەتتە چىققان ؟ قاچان قايتىپ كەلگەن ۋەتىنىڭىزگە ؟ قانداق ساياھەت ھۆججەتلىرى بىلەن چىققان ؟ پاسپورت ، ۋىزا )؟ سىزنىڭ ئۇ يەردىكى قانۇنلۇق سالاھىيتىڭىز قانداق ئىدى ؟

2.سىز ۋەتىنىڭىزدە ئەزەلدىن پاسپورتقا ئىلتىماس قىلغانمۇ ؟ ئەگەر ھەئە بولسا قاچان قىلغان ؟ پاسپورت بېرىلگەنمۇ ؟ ۋاقتى قاچاندىن_قاچانغىچە ئىدى ؟ ئۇ پاسپۇرت ھازىر بارمۇ سىزدە ياكى نەدە ھازىر ؟ ياق بولسا ، نېمىشقا ئىلتىماس قىلمىغان ؟ ئەگەر پاسپورت بېرىلمىگەن بولسا ، نىمە سەۋەپتىن بېرىلمىگەن ؟

3.سىز ۋەتىنىڭىزدىن قاچان ئايرىلىشنى قارار قىلغان ؟ نېمىشقا بۇرۇن ئايرىلمىدىڭىز ؟ نىمە سەۋەپ سىزنى ۋەتىنىڭىزدىن ئايرىلىشقا دەۋەت قىلدى ؟ سىز قانداق قىلىپ بۇ دۆلەتكە سالامەت كېلەلىدىڭىز ؟ سىز يولغا چىقىش ئىشلىرىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇردىڭىز ؟

4.سىز قانداق قىلىپ يولدا زۆرۈر بولىدىغان ۋىزا ، (ئايروپىلان ، ئاپتۇبۇس ، پويىز ) بېلىتىنى ، چېگرىدىن چىقىش رۇخسەتنامىسىنى (زۆرۈر بولغان دۆلەتلەردىن ) ئالدىڭىز ؟

5.كىم سىزگە ياردەم قىلدى ؟ نېمىشقا ياردەم قىلدى ؟ قانداق ياردەم قىلدى ؟

6.سىز ۋەتىنىڭىزدىن قاچان ئايرىلدىڭىز ؟ قانداق ئايرىلغان ؟ كېلىش يوللىرىڭىزنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرەلەمسىز ؟ قانداق قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىشلەتتىڭىز ؟ قانداق راست_يالغان ھۆججەتلەرنى ئىشلەتتىڭىز ؟

7.كىم سىز بىلەن ۋەتەندىن چىقتى ؟ ياكى كىملەر ياردەم قىلدى چىقىشىڭىزغا ؟

8. ئەگەر دۆلىتىڭىزدىن قانۇنلۇق چىققان بولسىڭىز ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېزىلگەنلىك ھەم كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى ،

قايتسىڭىز خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرىسىز ؟

9.سىز تامۇژنا خادىملىرىنى ئالدىدىڭىزمۇ ؟ قەيەردە ، قانداق ئالدىدىڭىز ؟

ئارلىقتىكى دۆلەتلەر :

1.سىز بۇ دۆلەتكە كىلىشتە يەنە قايسى دۆلەتلەردىن ئۆتتىڭىز ؟ سىز ئۇ دۆلەتلەرگە قانداق كىردىڭىز ؟ ۋىزىڭىز بارمىتى ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ، قايسى تىپتىكى ۋىزا ؟ قاچان ، قەيەردە ئۇ ۋىزىغا ئىرىشكەن ؟ ئەگەر يوق بولسا ئۇنداقتا ئۇ دۆلەتكە قانداق كىردىڭىز ؟ سىز ئۇ دۆلەتتە نەدە تۇردىڭىز ؟ قاچاندىن_قاچانغىچە تۇردىڭىز (يىل ، ئاي ، كۈن)؟ قانداق تۇرمۇش كەچۈردىڭىز ؟ سىز نىمە دەپ ئۇ دۆلەتتىن ئايرىلدىڭىز ؟ ھەم قانداق ئايرىلدىڭىز ؟

2. سىز ئۇ دۆلەتلەرگە كىرگەندە چىگرا مۇداپىئە ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ باققانمۇ ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرەمسىز ؟ قاچان ؟ قەيەردە ؟ نىمىشقا ؟ قاچان قويۇپ بېرىلدىڭىز ؟

3.سىز باشقا دۆلەتلەردە پاناھلىق تىلەپ باققانمۇ ؟ ياكى سىز ئەزەلدىن بىرەر دۆلەتلەردە پاناھلىق تىلەپ قوبۇل قىلىنىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر پاناھلىق تىلەپ قوبۇل قىلىنمىغان بولسىڭىز ، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە ؟ ئەگەر پاناھلىق تىلىگەن بولسىڭىز قاچان پاناھلىق تىلىگەن ؟ قايسى ئورگانغا تىلىگەن ؟ نەتىجىسى قانداق بولغان ؟

ئەڭ ئاخىرقى كەلگەن يەنى يىتىپ كەلگەن دۆلەت پاناھلىق تاپشۇرغان دۆلەت: :

1.سىز بۇ دۆلەتكە قانداق كىردىڭىز ؟ قانۇنسىزمۇ ؟ قانۇنلۇقمۇ ؟ ياكى ساياھەت ، خىزمەت ۋە باشقاشەكىل ئارقىلىقمۇ ؟ تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟

2.سىز چىگرىدا ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بېرىڭ ؟ ھازىر سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز قانداق ؟ قانۇنلۇقمۇ_قانۇنسىزمۇ ؟

3.سىز بۇ دۆلەتكە كەلگەندىن بىرى ۋەتىنىڭىزنىڭ كونسۇل ، ئەلچىخانىلار بىلەن ئالاقە قىلىپ باقتىڭىزمۇ ؟ ياكى شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ، قاچان ، قەيەردە ؟ نىمىشقا ؟

4.سىز باشقا دۆلەت كونسۇل ياكى ئەلچىخانىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ، تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟

5.سىز باشقا ئورگانلار ، ئىجدىمائىي مۇلازىمەت ئورگانلىرى ۋە ئادۋۇكاتلار بىلەن ئالاقە قىلدىڭىزمۇ ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ، تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟

6.سىز بۇ دۆلەتكە كېلىش جەريانىدا زوراۋانلىققا ئۇچراپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ، تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز ؟

ئەگەر قايتسا نىمە خېيىم_خەتەرگە يولۇقۇش توغرۇلۇق:

1.ئەگەر سىز ئۆز دۆلىتىڭىزگە قايتۇرۇلسىڭىز خەتەرگە يولۇقامسىز ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ، قانداق خەتەرگە يولۇقىسىز ؟ بۇ خەتەرنىڭ ئاقىۋىتىنى قانداق دەپ قارايسىز ؟ (جىسمانىي جەھەتتىن زىيانكەشلىك ، پسىخىكا تەھتىد ، ھەق_ھوقۇقتىن ئايرىلىش قاتارلىقلار)

2.سىزدە ئۆزىڭىز يولۇققان ۋەقەلەردىن كېلىپ چىققان بىرەر ئېنىق ئاقىۋەت بارمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا تەپسىلاتىنى ۋە سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز ؟

3.دۆلىتىڭىزدە سىزگە قارىتا سوتتىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئەيىپلەش بولغانمۇ ؟

4.سىزنىڭ دۆلىتىڭىزگە قايتقۇڭىز بارمۇ؟ ياكى قايتىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر ياق بولسا سەۋەبىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

5.دۆلىتىڭىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ياكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى سىزنىڭ قايتىشىڭىزغا رۇخسەت قىلامدۇ؟ (بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىدۇ، ئەمما بارسام خەتەر ئىچىدە قالىمەن دىيىش كېرەك ئەلۋەتتە)

تۇتۇپ تۇرۇش:

1.سىز دۆلىتىڭىزدىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ياكى باشقا ئورگانلار تەرىپىدىن كۆزۈتۈلدىغان ياكى ئىزدىلىنىدىغانلار تىزىملىكىگە چۈشكەنمۇ؟ مەسىلەن: ساقچى ئىدارىسى، ئارمىيە، باشقا ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى گورۇپپىلار ۋە شەخسلەر دىگەندەك؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا، تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

2.سىز قولغا ئېلىنىپ باققانمۇ؟ سىز تۈرمىدە ياكى باشقا بىر تۇتۇش ئورگانلىرىدا بولۇپ باققانمۇ؟ شۇنداق بولسا نىمە سەۋەپتىن؟ ئۇ ۋاقىتتا سىز قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان؟ سىز سوراققا تارتىلغانمۇ؟ 'ھەئە' بولسا، سىزدىن نىمىلەرنى سورىدى؟ سوراق جەريانىدا سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىندى؟ تەپسىيلىرەك دەپ بېرەلەمسىز؟

3.سىزنى تۇتۇپ تۇرغان ياكى سوراق قىلغان ئادەم قايسى جىنسلىق؟ ئەگەر بىر نەچچە قېتىم تۇتۇلغان ياكى قولغا ئېلىنغان بولسىڭىز، بىر_بىرلەپ دەپ بېرەلەمسىز؟ يىل، ئاي، كۈن، قايسى جىنايەت ياكى ئەيىپلەش بىلەن؟ سىزنى قويۇپ بەرگەن يىل، ئاي، كۈن، چىسلا؟ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىڭىز؟ تۇتۇپ تۇرۇش ياكى تۈرمىنىڭ ئورنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ۋە شارائىتىنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

4.بىر كامېردا قانچە ئادەم بارتىڭلار؟ ئەر_ئاياللار بىر كامېردا تۇرامسىلەر ياكى ئايرىم_ئايرىم تۇرامسىلەر؟ ئەگەر ئايرىم كامېردا بولسا، ئاياللار قەيەرگە سولىناتتى؟

5.سىز تۇتۇپ تۇرۇش جەريانىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن خەلقئارالىق قىزىل كرېست جەمئىيىتى ياكى باشقا ئورگانلار تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنىپ باققانمۇ؟

6. سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ياكى قولغا ئېلىنىشىڭىزغا ئائىت ھۆججەتلەر بارمۇ؟ ئەگەر بولمىسا ئۇلارغا ئېرىشەلەمسىز؟

7.سىزگە قارىتا سوت مەھكىمىسىدە بىرەر دىلو بولغانمۇ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەمسىز؟ قاچان، قەيەردە؟ ئادۋۇكاتىڭ ئىسمى نىمە (ئەگەر بولسا)؟ شەخسى ئادۋۇكاتمۇ ياكى سوت بەلگىلەپ بەرگەن ئادۋۇكاتمۇ؟ سوتچىنىڭ ئىسمى نىمە؟ سىزنى قانداق بولۇپ قويۇپ بەرگەن؟ قانداق شەرت ئاستىدا؟

باشقا ھادىسىلەر:

1.سىز ئەزەلدىن تۇتقۇن قىلىنىپ باققانمۇ؟ يوقاپ كەتكەن دەپ ئىلان قىلىنىپ باققانمۇ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

2.سىز ئەزەلدىن تەھدىتكە ئۇچرىغانمۇ ياكى سىتېۋتىلگەنمۇ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا، تەپسىلاتىنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟ سىز ياكى باشقا ئائىلە ئەزالىرىڭىز جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ياكى زوراۋانلىققا ئۇچراپ باققانمۇ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا سەۋەبىنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟ قاچان، قەيەردە، كىملەر؟

دۆلىتى ئىچىدىكى ھەل قىلىش چارىلىرى:

1.سىز دۆلىتىڭىزدە بىرەر قانۇنلۇق ئورۇنلارغا ئۆزىڭىزنى قوغداشنى ئىلتىماس قىلىپ باققانمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا؟

ئەگەر 'ھەئە' بولسا نىملەرنى قىلدىڭىز ؟ ۋاقتى (يىل ، ئاي ، كۈن ) قانداق ئۆسۈلدا ؟ ۋە ئورگاننىڭ نامىنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟

2.سىز دۆلىتىڭىزدىكى قانۇنلۇق ئورگانلاردىن ئۆزىڭىزنى قوغداشنى تەلەپ قىلغانمىتىڭىز ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا ساقچى ياكى ئەدلىيە ئورگانلىرى سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە قارىتا ئىزدىنىپ باقتىمۇ ؟ نەتىجىسى قانداق بولدى ؟ ئەگەر ئىلتىماس قىلمىغان بولسىڭىز سەۋەبى نىمە ؟

3.ئۆز دۆلىتىڭىزدىكى يەرلىك ياكى جەلقئارالىق ئورگارنلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدىڭىزمۇ ؟ شۇنداق بولسا ياردەم ئالالدىڭىزمۇ ؟ تەپسىلاتىنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟ ياردەم ئالامىغان بولسىڭىز ياكى ياردەم سورىمىغان بولسىڭىز نىمە سەۋەپتىن ؟

4.سىز دۆلىتىڭىزدىكى باشقا شەھەرلەرگە يۆتكىلىپ كېتىشنى ئويلاشتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟

كەمسىتىلىشنىڭ سەۋەپلىرى :

1.نېمشكە دۆلىتىڭىزدىن قىچىپ كەتتىڭىز ؟ سىز ئۆزىڭىزدە ئالاھىدە بىر مەسىلە بارمۇ ؟ ئەگەر بولسا نىمە سەۋەپتىن ؟ سىزدىكى بۇ مەسىلەر سىزگە قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كىلدۇ ؟ (مەسىلەن: جىسمانىي قىيناش ، پسىخلوگىيەلىك زەربە ، كىشىلىك ھوقۇقتىن ئايرىلىش قاتارلىقلار )

2.سىز بۇ مەسىلەرنى ۋەتىنىڭىزدە بولغان مەزگىلدە ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا نىملەرنى قىلدىڭىز ؟ نەتىجىسى قانداق بولدى ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز نىمە سەۋەپتىن ؟

3. سىز ھۆكۈمەتكە قارشى بىرەر گورۇپپىغا ئەزا ئىدىڭىزمۇ ؟ قاچان ئەزا بولغان ؟ سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز نىمە ئىدى ؟

4.سىزنىڭ دىنىڭىز قايسى دىن ؟ قاچاندىن بۇيان بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلدىڭىز ؟ سىز باشقا بىر دىنغا كىرىپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئەگەر كىرگەن بولسىڭىز ، قاچان كىرگەن (دىننى ئالماشتۇرغان ) نىمە ئۈچۈن ؟ ھەم قانداق ئالماشتۇرغان ؟ سىز دىنني ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنامسىز ؟ قانداق شۇغۇللىنىسىز ؟ بۇ يەردىكى دىنني ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش دىگەن گەپنى سىز قانداق چۈشىنىسىز ؟

5.سىز ئېتىقاد قىلغان دىندا خىتايغا قارشى ياكى ئۇنىڭ قانۇن__نىزاملىرىغا قارشى بىرەر نوقتىلار بارمۇ ؟ ئەگەر بولسا چۈشەندۈرۈپ بىرەلەرسىزمۇ ؟

6.سىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىندىكى بارلىق مورتلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلەمدۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا كىملەر سىلەرنى كەمسىتىدۇ ؟

7. ئۇيغۇر جەمئىيەت ئىچىدە ئاياللارنىڭ قانداق رولى بار ؟ قانداق ھوقۇقلىرى بار ؟

8. ئەگەر ئەر ياكى ئاياللار دىندىكى بىرەر ئۆلچەمدە چىك تۇرمىسا جازا بارمۇ ؟ ئەگەر بولسا ، چۈشەندۈرۈپ بىرەلەرسىزمۇ ؟

9.سىز ۋەتەندىكى ۋاقتىتا بىرەر ئىجدىمائىي تەشكىلات ، دىنني ئورگان ، مىللەتلەر ، سىياسىي ياكى ئاياللار جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىمۇ ياكى بولغانمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ، قاچان ، نەدە ئەزا بولغان ؟ قانداق ئەزا بولغان ؟ نىمە سەۋەپتىن ئەزا بولغان ؟ سىزنىڭ ئەزالىق كىنىشكىڭىز بارمۇ ؟ ئەگەر بولمىسا نېمىشقا يوق ؟ ئۇ گورۇپپىنىڭ رەئىسى كىم ئىدى ؟

10.سىز گورۇپپىڭىزنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟ مەسىلەن: گورۇپپىنىڭ مەقسىتى ، ستىراتىگىيىسى ، قۇرۇلمىسى ، ئەزا سانى ، ( ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ) ، رەئىسلىرى ، تارىخى ، ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى .

11.سىز شۇ گۇرۇپپىدا ئەزا بولۇش سالاھىيىتىڭىز بىلەن قانداق پائالىيەتلەرنى قىلالىتىڭىز ؟ ۋەزىپىڭىز نىمە ئىدى ؟ تەپسىلىي بولغان چىسلا ۋە ئورۇنلارنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟
سىز ئالاھىدە بىر پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا قانداق پائالىيەتلەر ؟

12.سىز قاتناشقان ياكى سىزنىڭ گورۇپپىڭىز (تەشكىلات ) ئىلىپ بارغان شۇ پائالىيەتلەر دۆلەتلىك ياكى جەلقئارالىق بىرەر ئاخپاراتتا ئىلان قىلىنىپ باققانمۇ ؟

14.ئەگەر سىز شۇ گۇرۇپ (تەشكىلات ) تا خىزمەت قىلىشنى توختاتقان بولسىڭىز نىمە سەۋەپتىن قاچان نەدە توختىغان ئىدىڭىز ؟
توختىغاندىن كېيىن سىزگە قانداق بىر ئاقىۋەتلەر كەلدى ؟

15.سىز ياكى سىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىڭىز بىرەر گۇرۇپ ياكى تەشكىلات ئورگانلار بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئەيىپلىنىشكە ئۇچۇراپ باققانمۇ ؟
جازالىنىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا تەپسىلىي سۆزلەپ بىرەلەمسىز ؟

16.سىز شۇنداق بىر ناھەق ئەيىپلىنىش ياكى ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىلىشكە يولۇققاندا يوقۇرى دەرىجىدىكى باشقا بىر مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر 'ھەئە' بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ (قاچان ، نەدە ، قايسى ئورگان ، نەتىجىسى )
ئەگەر ياق بولسا نىمە سەۋەپتىن ياردەم تەلەپ قىلمىغان ؟

ئائىلە مۇناسىۋىتى :

1.سىز ياكى سىزنىڭ ئائىلە ئەزىلىرىڭىز قاتناشقان بىرەر تەشكىلات ئورۇنلارنى دەپ بىرىڭ ؟ سىزنىڭ ئاتا_ئانىلىرىڭىز ياكى باشقا تۇققانلىرىڭىز شۇ تەشكىلاتلاردا ئىلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن سىز خەۋەردار بولۇپ تۇرغانمۇ ؟ ئۇلار سىزگە قىلغان ئىشلىرىنى دەپ بىرەمتى ؟
ئەگەر دىمىسە ، نىمىشقا دىمەيتتى ؟

2.ئۇلار قاچان شۇ گۇرۇپ ياكى تەشكىلات_ئورگانلارغا قاتناشقان ؟ قاچان ئەزا بولغان ؟ نىمىشقا ئەزا بولغان ؟ ئۇلارنىڭ رەئىسى كىم ئىدى ؟
بۇ تەشكىلات ، ئورگان ياكى گۇرۇپ توغۇرلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟

3.سىز ئائىلە ئەزالىرىڭىز ياكى توققانلىرىڭىز تەۋە بولغان شۇ گۇرۇپتا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئېيتىپ بىرەلەرسىزمۇ ؟ (ئورۇن ، ۋاقىت )

4.سىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىڭىز ياكى تۇققانلىرىز قانداق پائالىيەت ياكى يىغىلىشلارغا قاتنىشاتتى ؟ قانداق ئۇسۇلدا ؟ بۇ پائالىيەت_يىغىلىشلار ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئىلان قىلىنىپ تۇراتتى ؟

5.سىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىڭىز ياكى تۇققانلىرىڭىز قاچان ، نىمە سەۋەپتىن ئۇ گۇرۇپقا ياكى تەشكىلاتتىن چېكىنگەن ؟ گورۇپتىن چېكىنگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارغا بىرەر زىيانكەشلىك بولغانمۇ ؟ ئەگەر بولسا تەپسىلىي دەپ بىرەلەرسىزمۇ ؟

6.سىزنىڭ ئائىلە ئەزالىرىڭىز ياكى تۇققانلىرىڭىز ئەزەلدىن قولغا ئېلىنىپ ياكى تۈرمىگە سولىنىپ ياكى يوقاپ كېتىپ باققانمۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بىرەلەمسىز ؟

7. سىز ھىلىھەم ۋەتەندە قالغان ئائىلە ئەزالىرىڭىز ، تۇققانلىرگىز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرامسىز ؟

8.سىزنىڭ باشقا دۆلەتلەردە تۇققانلىرىڭىز ياكى بىۋاستە ئائىلە ئەزالىرىڭىز بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ، سىز تەپسىلاتىنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ؟ (قايسى دۆلەت ، ئىسمى نىمە ، نىمە قىلىدۇ؟ قاچان كەلگەن؟ سىزنىڭ قانداق مۇناسىۋىتىڭىز بار؟ ئۇلارنىڭ ئۇ دۆلەتتىكى سالاھىيتى؟ ۋە تولۇق ئادرىسى؟)

9.سىزنىڭ بىرەر ئائىلە ئەزالىرىڭىز بۇ دۆلەتتە ياكى باشقا دۆلەتتە پاناھلىق تىلەپ باققانمۇ؟ ئۇلارنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسى قۇبۇل قىلىنىپ ئىتراپ قىلىنغانمۇ؟ (قۇبۇل جاۋاپ ئالغانمۇ؟) ئەگەر شۇنداق بولسا تەپسىلاتىنى دەپ بىرەلەرسىزمۇ؟ (يىل ، ئاي ، كۈن ، قايسى دۆلەت)

ئىسپات ماتىرىياللار:

سىز ئۆزىڭىزنىڭ باياناتىنى قوللاپ_قۇۋۋەتلەيدىغان بىرەر پاكىت ئىسپاتلىرىڭىز بارمۇ؟( قەغەزچە ئەسلى نۇسخىسى )

ئەگەر بار بولسا ، نەدىن تاپتىڭىز؟ ئۇنى قايتىدىن ئەكەلدۇرەلەمسىز؟

ئەگەر بولمىسا نىمىشقا يوق ، سىز ئىسپات ماتىرىياللارنى يىغالامسىز بىر ئامالىلارنى قىلىپ؟

**********************************************************

يۇقارقى مەزمۇنلار بولسا پاناھلىق تىلەشنىڭ قائىدە ماددىلىرى ۋە بېسىپ ئۆتىدىغان جەريانلار ،پاناھلىق تىلىگۈچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلاردۇر.

مەن ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە پاناھلىق تىلەپ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتتا ۋە نورمال ۋاقىتتا قۇبۇل قىلىنغان ئوخشاشلا پاناھلىق تىلەپ بۇلۇپ بىر ئىككى يىلغىچە ھەتتا يەتتە سەككىز يىلغىچە قۇبۇل قىلىنماي قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بىلەن يۈز تۇرانە ۋە ئىنتېرنېت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ باقتىم ھەم باشقىلار ئارقىلىق ئاڭلىدىم.

ئۇزۇن مەزگىل قۇبۇل جاۋاپنى ئالالماي يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىز نىمە سەۋەپتىن رەت جاۋاپ ياكى ھېچقانداق جاۋاپ ئالالمايۋاتقانلىقىنى پىكىرلىشىش جەريانىدا ئاساسەن ھىس قىلدىم.ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ جەرياندا كەتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلىرىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىرىنىڭ سوزۇلۇپ كىتىپ بارغانلىقىنى ئېتراپ قىلدى.ئىتراپ قىلمىغانلىرى ياكى خاتالىقنى شۇ دۆلەتكە قويغانلىرى ئۆز خاتالىقلىرىنى سۆھبەت جەريانىدا ئۆزى بىلمەيلا چاندۇرۇپ قويدى.ياخشى خەۋەردىن يامان خەۋەر تىز تارقايدۇ دەپ شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ رەت جاۋاپ ئېلىشى تاكى ئىشلىرىنىڭ سوزۇلۇپ كەتكەنلىك خەۋىرى ئەتراپىمىزدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش بىلەن بىرگە شۇ دۆلەتتىكى ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە پالانى دۆلەتتە مانچە ئادەمنىڭ جاۋابى چىقماپتۇ ،ياكى رەت جاۋاپ ئاپتۇ دەپ ئىنتېرنېت خەۋەرلىرى ۋە ئاغزاكى ئۇچۇرلار ئارقىلىق تارقىلىپ پاناھلىق تىلىمەكچى بولغان ياكى شۇنى ئويلىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا بەكرەك سەلبى تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۇلار نىمىشقا چۈچۈپ كىتىدۇ؟نىمىشقا شۇنداق خەۋەرلەر كاللىسىغا كىرۋېلىپ پاناھلىق تىلەشنى پىلان قىلغان ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋىتىدۇ؟ياكى ۋاز كىچىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاناھلىق تىلەشتىكى قائىدىلەرنى ۋە تەييارلىقنى قايسى تەرەپتىن پۇختا قىلىشنى بىلمىگەنلىكتىن مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇنىڭدىن قىلچە خەۋىرى يوقلىقىدىن شۇنداق چۈچۈپ كىتىدۇ ياكى ۋاز كىچىدۇ.

شۇ رەت جاۋاپ ئالغان ۋە جاۋابى چىقمىغانلار بولسا ئالدىن تەييارلىقنى تۈزۈك قىلمىغانلار ،ئۆز ئىلتىماسىنى توغرا ئىپادىلەپ بىرەلمىگەنلەر ،قۇبۇل بولغانلارغا قاراپ ئۇيغۇر بارسىلا ئالدىكەن بىزنىمۇ ئالدۇ بارساق دەپ دەتتىكامغا دەسسىگەنلەردۇر.

خوش ، ئۇنداقتا قۇبۇل قىلىنماسلىقنىڭ ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كىتىشكە نىمە سەۋەپچى بولدى؟

بۇ سەۋەپلەرنى تۆەندىكىدەك ئايرىشقا بۇلدۇ .

شۇ دۆلەتتىكى (كۆچمەنلەر ئىدارىسىدىكى) سەۋەب :

پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرغان دۆلەت ،بىراۋنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرۈۋاتقان شۇ خادىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشى بىلمەسلىكى ھەم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ساختا تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ كەتكەنلىكى ياكى ئىككىلىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلانغان.

شۇ دۆلەتتە ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان پارتىيە يەرلىك مىللەتچىلەر پارتىيىسى بولغان بولسا:

ئۇلارنىڭ چەتئەللىكلەرنى بەك خالاپ كەتمەسلىكتىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىسى سەۋەپ بولغان.

شۇ دۆلەتتە پاناھلىق تاپشۇرغان ئۇيغۇرلارسانىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى شۇ سەۋەپتىن ئوخشاش ھېكايىنى نەچچە 10 ئادەم (بەلكىم 10دىنمۇ جىق بۇلشى مۇمكىن)تەكرار دىگەنلىكى ياكى شۇلارنىڭ دىگەن ھىكايىسىدىكى ھالقىلىق نۇقتىلارنىڭ ئاساسەن ئوخشاش بۇلۇپ قالغانلىقى پاناھلىق ئىلتىماسىنى كۆرۈپ چىققۇچىلار ئۈچۈن گۇمان قوزغىغان.

پاناھلىق تىلەشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي ،يوللىرنى بىلمەيلا تەييارلىقسىز دەتتىكام دەپلا كىرىش.

بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن بىز interview/entretien( سوراق دەپ ئېلىندۇ) دىگەننى چۈشۈنۈشىمىزگە توغرا كىلدۇ.

سىز پاناھلىق تاپشۇرغان كۈنى ياكى كيىن سىزنى پاناھلىق ئىشلىرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى سىزدىن ئاغزاكى بايان ئالدۇ.(يەنى سوراق) .سوراقتا سىز بارلىق مەسلىلەرنى بايان قىلسىز .بۇ باسقۇچ ئىلتىماسىڭىزنىڭ بىجىرلىش جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچ. بۇئۆتكەلدىن غەلبىلىك ئۆتسىڭىز يەنى بايانىڭىزنى توغرا ،ئەتراپلىق ،رەتلىك ،قايىل قىلارلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بىرەلىسىڭىز سىزنى قۇبۇل جاۋاپنى ئېلىشىڭىزغا تۈرتكە بۇلدۇ.سوراقتا سوھبەت ئاساسەن سۇئال جاۋاپ شەكلدە بۇلدۇ.

ئەمدى بىز گەپنىڭ ئۇزىگە كەلسەك سىز پاناھلىق تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ ئىشنىڭ خارەكتىرنى يەنى قايسى بىر يۆلىنىشتە بىجىرلىدىغانلىقنى ۋە قائىدە تەرتىپلىرنى بىلمىسىڭىز ،ئۇيغۇرنى راستلا قايتۇرمايدىكەن شۇڭا باشقىلارمۇ قۇبۇل بۇلۇپتىغۇ ئەنە دەپلا دەتتىكام دەپلا تەييارلىقسىز بارسىڭىز ئۇلار سىزگە قۇبۇل جاۋاپنى 10 يىلدىمۇ بەرمەيدۇ.

قانداق تەييارلىق قىلىش كىرەك ؟ئۇلارغا نىمە دىيىش كىرەك ؟ساياھەت قىلغىلى كەلدىم ،دوستۇمنى كۆرگىلى كەلدىم ،ياكى بۇ دۆلەتنى ياخشى كۆرەتتىم شۇڭا كەلدىم دىيىش كىرەكمۇ ياكى باشقا گەپنى دەيمىزمۇ؟مۇشۇلارنى ئويلىمايلا بارغان قېرىنداشلىرىمىز يوق ئەمەس.

شۇنداق بىرلىرىمىز باركى ،ھېچكىمدىن مەسلەھەت سورىماي كىتىپ بارغان. مەسلەھەت بەرگەنلىرى بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىسىمۇ ياكى ھكايىسىنى قاملاشتۇرۇپ بىرەلمەيدىغانلىقنى سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويماي باشقا بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ خادىملىرىغا ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىشتا پىشقەدەمرەك بىرسىگە ھاۋالە قىلماي ئاتكاتچىلىق قىلىپ خاتا مەسلەھەت بىلەن شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرغان.شۇ مەسلەھەت سورىغان قېرىنداشلىرىمىزمۇ مەسلەھەتچىلەرنىڭ يېشىنىڭ ئۆزىدىن چوڭلۇقىنى ياكى چەتئەلدە تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىيالمىغان.

يەنە بەزلىرىمىز پاناھلىق تىلگەن دۆلەتكە كىلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرپاناھلىق تىلەشكە بۇلدىغان دېمكراتىك دۆلەتتە بولغان.مۇنداقچە ئېيقاندا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدىكى بىر دولەتتە بولغان ئاندىن بۇ دۆلەتكە كەلگەن.

مەسلەن :سىز ئىتالىيەدە مەلۇم مەزگىل ئوقۇدىڭىز ،كيىن دانىيەگە پاناھلىق تىلىدىڭىز ،سىز ئۆز ئاغزىڭىزدا بۇنى ئېتراپ قىلدىڭىز ياكى پاسسپورت باشقا ھۆججەتلەردە بۇ ئاشكارلىنىپ قالدى.ئۇنداقتا سىز ئىتالىيەمۇ بىر دېمكراتىك دۆلەت تۇرسا نىمىشقا بۇ دۆلەتتە پاناھلىق تىلىدىڭ دىگەن سۇئالغا ئۇلارنى قايىل قىلغىدەك جاۋاپ بىرەلمىسىڭىز بۇنىڭ مەقسىتى دانىيەدە يەرلىشىشكەن دىگەننى بىلدۈرسىز.شۇ سەۋەپتىن رەت جاۋاپ ئالسىز ياكى نەچچە يىل كۈتىدىغان گەپ.

خوش ،ئەمدى پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كيىن سوراق ۋاقتىدا يۈز بىرىدىغان خاتالىقلارغا كەلسەك:

جدديلىشش نورمال ھادىسە.سوراق مەزگىلدە جدديلشىپ خاتا گەپ قىلدىغان ياكى دەيدىغان گەپنى ئۇنتۇپ قالدىغان ئەھۋال نورمال.كەيىندىن تۈلۈقلاپ تۈزەپ قويسا بۇلدۇ.ئەمما قايتا قايتا سادىر بولغان خاتالىقلار ۋە بىر سۇئالغا بىرىلگەن ھەرخىل جاۋاپلارسىزنىڭ ھكايىگىزنىڭ چىنلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ئادەتتە سوراق ئالغۇچى ئوخشاش سۇئالنى قايتا قايتا سوراش ئارقىلىق سىزنىڭ ھكايىگىزنىڭ راستلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇندۇ.ھەتتا ئىلگىرى سورىلىپ بولغان سۇئالنىڭ جاۋابىنى نەچچە مىنۇت ياكى نەچچە سائەتتىن كىيىن(بەلكىم نەچچە كۈندىن كىيىن بۇلۇشمۇ مۇمكىم) ئۆزگەرتىپ سىزگە دەيدۇ. مەسلەن: مەلۇم بىر ۋەقەلىكنىڭ ياكى سىز قاتناشقان بىلدىغان ئىشنىڭ ۋاقتىنى سورىغاندا

س__قاچان

ج__2009 - 10 - 20

20مىنۇتتىن كىيىن قايتىلاپ

س__قاچان؟

ج:2009-09-25

ۋە

س__سىز ئۇ ۋاقىتتا نەدە ئىدىڭىز؟

ج__ئۆيدە

30مىنۇتتىن كىيىن قايتىلاپ

س__سىز شۇ ۋاقىتتا سىرتتا نىمە قىلۋاتتىڭىز؟

.ج__ھەدەمنىڭ ئۆيگە ماڭغان

ياكى

قەستەنلىك بىلەن سىز بايا ئۆيدە دىگەن ئىدىڭىز ،ئەمدى سىرتتا دەيسىزغۇ؟ دەپ سىزگە ئاتىپ قۇيشى مۇمكىم. ئەگەر سىز تىنەپ سوراقچى باشلىغان يولغا كىرسىڭىز گۇمان مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. شۇڭا سوراق جەريانىدا ھەر ۋاقىت ھۇشيار بۇلۇش كىرەك ،بىشىدا دىگەن گەپنى كاللىغا قاچىلاپ مىڭىش كىرەك.(ھكايىدىكى بارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى ياخشى يادلاش كىرەك)

يەنە باشقا بىر ئەھۋال ،سىز پاناھلىق تىلەش جەريانىدا مەقسىتىڭىزنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بىرەلمەسلىك.چاتاقنىڭ چوڭى مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ.بىز پاناھلىق شەرتىنامىسىدە دەپ ئۆتكەندەك ئۇلار سىزنىڭ ھكايىڭىزنى 5 ماددىغا سالىدۇ. شۇنىڭدىن قايسى تۈرگە چۈشىدۇ؟سىزنى نىمە سەۋەپتىن قىچىپ چىققان؟ۋەتىنىدە ھەقىقەتەن تۈرالمىغىدەك نىمە بولغان؟ دىگەنلەر بۇيىچە ئىلتىماسىڭىز ۋە ھكايىڭىزنى كۈردۇ.ھەر قانداق پاناھلىق تىلىگۈچىدىن ئىنىق سورىلىدىغان سۇئاللار:نىمە سەۋەپتىن پاناھلىق تىلەيسىز؟سىزگە نىم كەلگۈلۈك كەلدى؟سىزنى قايتۇرۇۋەتسەك سىزگە نىمە بۇلدۇ؟ياكى نىمشقا قايتىشنى خالىمايسىز ياكى قورقىسىز؟ سىزنىڭ سوراق خاتىرىڭىز مۇشۇ سۇئاللار بۇيىچە بۇلدۇ.

نمسقا كتتشنى خالمايسز ياكى قورقسز دىگەنگە سز ئۇ يەرگە بارسڭز سزنىڭ هياتىڭزنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقى ياشاش ئىمكانىيتىڭزنىڭ يوقلىقى ،ختاي هۆكۈمتى سزنى ئاتىدىغانلىقىنى ياكى مۇددەتسز هيچ بولمىغاندا 15 يىل كسىدىغانلىقىنى دىسىڭز سزدىكى قورقۇنچ ئەنە شۇ ،سزدىكى قايتىش ئىمكانىيتىنىڭ يوقلىقى ئىپادىلەندى .ئەگەر سزنى قايتۇرۇەتسە سز بلىپ بلمەي باشقىلاردەك نورمال ياشاش ئىمكانىيتىڭزنى بلدۇرۇپ قويسڭز قايتىسز .چۈنكى پاناھلىق دىگەن سۆزدىنمۇ چىقىپ تۇردىكى شۇ ئىنسانىنىڭ بىر قوۋۇمدا چەتكە قېقىلىپ تۇرالماي باشقا بىر قوۋۇمغا بىرىشتۇر.

سز يۇقارقى سۇئاللارغا تىگىشلىك جاۋابنى بىرىپ بولغاندىن كيىن سزنىڭ شۇ قورقۇنچىڭزغا ،ئېتلىپ كتىش ،تۈرمىگە كرىشكە سەۋەپ بولغان نەرسە نىمە ؟

سز نىمە قىلغان ؟ئاندىن ختاي سزگە نىم قىلغان ؟ مانا سزنىڭ هېكايىڭز مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

سز ۋەتەندە ختاي هۆكۈمتى ئۇيغۇرغا ماناداق تەڭسز مۇئامىلە قىلدۇ ياكى ئىزىدۇ ،قىردى ،تۈرمىگە سۇلدى ،ئۇيغۇرلار بەك تەس كۈندە قالدى شۇڭا مەن قورقۇپ قاچتىم دىسىڭز سز پاناھلىق شەرتىنامىسىگە دىگەن 5 تۈرلۈك شەرتكە چۈشمەيسز.

شۇ شەخس تەۋە بولغان مىللەتنىڭ باشقا بىر كۈچلۈك مىللەت ياكى هۆكۈمەت تەرىپىدىن كەمستىلىشى ئېغىر كۈندە قېلىشى سزنىڭ شۇ سەۋەپتىن پاناھلىق تىلگىڭز بىلەن هېچقانداق ئالاقىسى يوق.ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى سزدىن بەكرەك بىلىدۇ.بەلكىم ھەتتا شەرقى تۈركستانغا بىرىپ يۇشۇرۇن هالدا ئەهۋال كۆزەتكەنلەر كۈندە بىز توغۇرلۇق خەۋەر كۆردىغان مۇتەخەسسىسلەردۇر.

ئۇلار سزدىن بىز سىنىڭ مىللىتىڭ ئۇچراۋاتقان ئازاپنى بىلمىز ،ئەمما سەن نىمە قىلغان ئاندىن ختاي ساڭا نىمە قىلدى ؟ دىگەن سۇئالنى سورايدۇ. بولمىسا 20 مىللىيۇن ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ ھەممىسگە قۇبۇل جاۋاپ بىرىشكە توغرا كىلىدۇ.

دىمەك بۇ يەردىكى مۇنازىرە قىلىدىغان نۇقتا شۇكى ،سزنىڭ قېچىپ كىلىشىڭز قايتالماسلىقىڭز سزنىڭ مىللىتىڭزنىڭ بېشىغا كىلىۋاتقان دەرت بىلەن ئەمەس سزنىڭ قىلغان ئىشىڭزۋە ختاينىڭ شۇ ئىشىڭزغا قايتۇرغان ئىنكاسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بۇلۇش كىرەك.

مۇشۇ هالقىلىق نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بىرەلىسىڭز سز تامىنىڭ ئۇلىنى مۇستەهكەم سېلىپ بولدىڭز دىگەن گەپ.

دىققەت قىلىدىغان نۇقتا شۇكى ، ئۇلار سورىغان بىر سۇئالغا بىر جاۋاپ بىرىش كىرەك.راستلىقىغا ئىشەندۈرمەن دەپ ئارتۇق مۇناسىۋەتسز گەپنى قىلىپ سالسىڭز سزگە پايدىسى يوقكى زىينى بۇلدۇ.مۇناسىۋەتسز جاۋاپنىڭ سۇئالنى سورايدىغان پۇرسەت چىقىدۇ.

مەسلەن:سز بىلەن تۇنۇشىدىغان بىر ئادەم توغۇرلۇق

س-سز ئۇ ئادەم بىلەن قاچان تۇنۇشقان ؟

ج-2000نجى يىلى يازدا ئاشخاندا تۇنۇشقاندىن بىرى هازىرغىچە ئاقلىشىۋاتىمىز.

بۇنىڭ جاۋابى-2000نجى يىلى يازدا.يۇقاردا سز 3 سۇئالغا بىراقلا جاۋاپ بىرۋەتتىڭز .

نەدە تۇنۇشقان ؟

-ئاشخاندا

هازىرغىچە ئالاقىلىشامسىلەر ؟

ھەئە ،هازىرغىچە ئالاقىلىشىمىز \ ياق

ئەسلى سورالغان سۇئالنىڭ جاۋابىغا ئۇلاپ بەرگەن باشقا بىر جاۋاپنىڭ سۇئالى بەلكىم سورالماي سىز ئارتۇق سۇئاللاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.ئەگەر ئارتۇق جاۋاپ بىرىلسە تېخىمۇ ئىنچىكە بولغان سۇئاللارنىڭ سورىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بۇلىسىز.جاۋاپ قايىل قىلارلىق بولمىسا گۇمان قوزغايسىز.

يەنە بىر نۇقتا ،بۇ ماتىريالنىڭ تەرجىمە قىسمىدا سىز ئېنىق بىلمەيدىغان كۆرمىگەن ئاڭلىمىغان ۋەقە ئىشلارغا جاۋاپ بىرىشتىن ساقلىنىڭ دىگەن مەزمۇنلار بار.

سوراق جەريانىدا بىلمەيمەيدىغان ئىشلارنى  چۇقۇم بىلمەيمەن دەپ جاۋاپ بىرىڭ.ھەئە ياكى ياق دىسىڭىز سىز شۇنى تەپسىلى چۈشەندۇرشىڭىز كىرەك.ھەر بىر سورالغان سۇئالغا چۇقۇم جاۋاپ بىرىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلىماڭ.ھەتتا سىز جاۋاب بىرىش قىيىن بولغان ياكى جاۋابىڭىزنىڭ قايىللىق كۈچى تۆۋەن دەپ قارىسىڭىز  بىلمەيمەن دىسىڭىز بۇلىدۇ.ئۇلار سىزدىن نىمشقا بىلمەيسەن دەپ سورىمايدۇ.(بىلمەيمەن دىگەن جاۋاپ ئەلۋەتتە سۇئالنىڭ شارائىتىغا قاراپ بۇلىدۇ)

مەسلەن:

س-سىز شۇ كۈنى قەيەردە ئىدىڭىز ؟

ج-ئۆيدە ئىدىم.

س-دوستىڭىز ئۇ كۈنى كۈچىدا كىتىپ بارغانمىتى ؟

ج-بىلمەيمەن.

ھەئە ياكى ياق جاۋاپنى بەرسىڭىز سىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ دوستىڭىزنىڭ كۈچىدا كىتىپ بارغان بارمىغانلىقىنى قانداق بىلسىز دىگەن سۇئالغا دۇچ كىلىسىز ، ياكى سىزنىڭ شۇ كۈنى ئۆيدە ئىكەنلىكىڭىز يالغان بولغان بەلكىم دوستىڭىز بىلەن بىرگە بولغان بۇلىشىڭىز مۇمكىن بۇلغان بۇلىدۇ.

جاۋاپ بىرىش قىيىن بولغان سۇئاللارغا بىلمەيمەن ياكى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەڭ ، ئەگەر چۇقۇم جاۋاپ بىرىمەن دەپ يوق جاۋاپنى بىرىپ قويسىڭىز ئېغىزدىن چىققان گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.ئۇنتۇپ قاپتىمەن دىسىڭىز ئۇزىڭىزگە شۇ سۇئال ئۇچۇن ياخشى جاۋاپ ئىزدەش پۇرسىتىنى قالدۇرسىز.

ئەمدى ھىكايە يېزىشقا كەلسەك:

سىز پاناھلىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن چۇقۇم ھىكايىنى ياخشى قۇراشتۇرۇۋىلىڭ. بەك جىق ئادەملەردىن مەسلەھەت سوراپ كەتمەڭ.بولسا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتيىي بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىڭ ،(ئۇلار ئالدىراش بولغاچ سەۋەبدىن بولسا نەچچە ئاي بۇرۇن خەۋەر قىلىپ قويۇڭ) ياكى ئىلگىرى پاناھلىق تىلەپ قوبۇل جاۋاپ ئالغان بۇ ئىشتىن ياخشىراق خەۋىرى بار پىشقەدەم قېرىنداشلىرىمىزدىن ياردەم سوراڭ. باشقا مۇناسىۋەتسىز كىشلەردىن مەسلەھەت سوراشتىن ياكى ئۇلارنىڭ مەسلەھەتىنى قۇبۇل قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.

خوش ئۇنداقتا ھېكايىنى قانداق يېزىشقا كەلسەك ، پاناھلىق تىلەش شەرتنامىسگە ۋە بىز يۇقىردا توختىلىپ ئۆتكەن سۇئاللارغا كوپرەك دىققىتىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

بۇ يەردە ئازراق خۇلاسىلەپ ئۆتسەك:

سىز ۋەتەنگە قايتالمايسىز ،قايتىشتىن قورقىسىز ، مۇشۇ نۇقتىنى مەركەز قىلىپ  سىز نىمىشقا قايتالمايسىز ؟قايتسىڭىز نىمە بۇلىسىز ؟شۇنداق بۇلىشىڭىزغا سىز نىمە ئىشلارنى قىلغان ؟كىم بىلەن ؟ نەدە ؟ قانداق قىلغان ؟قاچان قىلغان ؟  خىتاي ئۇنى قانداق سىزىپ قالدى ؟ئاندىن خىتاي سىزنىڭ شۇ ئىشىڭىزدىن سىزگە قانداق زىيانكەشلىك قىلدى ؟

سىز ۋەتەندىن قاچان قېچىپ چىقتىڭىز ؟ قايسى چىگرادىن قېچىپ چىقتىڭىز ؟قانداق قېچىپ چىقتىڭىز ؟ئارلىقتا نەدىن ئۆتتىڭىز ؟نەدە نەچچە كۈن تۇردىڭىز ؟قانداقىسىگە  بۇ دۆلەتكە كىلىپ قالدىڭىز ؟ ياكى كىملەر ئەكىلىپ قويدى ؟قانچىلىك پۇل خەجلىدىڭىز ؟...............

دىگەندەك سۇئاللار ئاساسىدا كېڭەيتىپ بىر بىرىگە باغلاپ يېزىپ چىقىڭ.ئاندىن باشقا بىر ئىشەنچلىك ئادەمگە كورسىتىپ  تېخىمۇ مۇككەممەللەشتۇرۇڭ. يۇقارقى تىمىلاردىن چەتنەپ كەتمىسىلا  ئىلتىجا قانۇنغا توغرا كىلدۇ. ئاندىن قايتا قايتا يادلاپ   ئىنتايىن مۇھىم بولغان قىسىمنى  ئىسىڭىزدە ھەر ۋاقىت تۇرشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قۇيدىغان نۇقتا شۇكى ، سىز ھىكايىڭىزدە ئېلىپ بارغان ئىش ھەركەتلىرىڭىز ھەرگىز زوراۋانلىق ۋە خىتاينىڭ قانۇنغا خىلاپ بولغان شەكىلدە بۇلۇپ قالمىسۇن.ۋە غەرىپ ئەللىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرى دىگەن كاتىگورىيەگە قارشى بۇلۇپ قالمىسۇن.

مەسلەن:

مىنىڭ ئاڭلىشىمچە ،مەلۇم بىر دۆلەتتە پاناھلىق تىلىگەن بىرەيلەن ئۆزىنى ۋەتەندە دوختۇر دەپ تونۇشتۇرغان . خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بۇيىچە نۇرغۇن كىشلەرنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان يۈرەك پارىلىرىنى ئۇكۇل ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئالدۇرۋەتكەنمىش.ھەم بۇ ئىشقا ئامالسىزلىقتىن مەجبۇرى بوپتۇمىش.

ئەلۋەتتە بۇ ئىشنى بىز ئويلاپ باقساق شۇ ئادەمنىڭ بالا چۈشۈرۈش ھەركىتى مەجبۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بىرىلغان كىيىن شۇ ئادەم بۇ ئىشتىن قاتتىق پۇشايمان يىگەنلىكنى ۋە ئازاپلانغانلىقىنى  قۇبۇل قىلىشقا بولسىمۇ ئەمما تۇغۇلۇپ  يۇرۇق دۇنيادىن بەھرلىنىش ئالدىدا تۇرغان  بىر جانىنىڭ ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشنى ئۆز ئانىسنى شارائىت تېپىلغاندا پۇلغا سېتىشتىن يانمايدىغان ئىنسانلىق ئەخلاقىنى يوقاتقان خىتاي توغرا كۆرگەن بىلەن غەرىپ ئەللىرىدىلا ئەمەس بىر نورمال ئادىمىيلىكتىن چەتنەپ كەتمىگەن  بىر ئىنسان ھەتتا ئىشەكمۇ  قۇبۇل قىلالمايدۇ.

2009نجى يىلى ئۈرۈمچىدە تىنچلىق نامايىشىغا چىقتىم.نامايىش جەريانىدا خىتاي ئەسكەرلىرى بىزگە ئوق چىقاردى ،بىز شۇ ئاچچىقىمىزدا كەينىمىزگە قاراپ مېڭىپ  ئالدىمىزغا ئۇچرىغان خىتاينى ئۇردۇق  ،چاپتۇق ،يارىدار قىلدۇق ،ئولتۇردۇق. ساقچىلار مىنى ئىزدىدى ،مەن قېچىپ بۇ دۆلەتكە كەلدىم.

بۇ ھىكايىدە گەرچە خىتاي ئۆز قانۇندا نامايىش قىلىشنى قانۇنلۇق دەپ ۋالاقلىغان بولسىمۇ سىزنىڭ تىنىچ شەكىلدە نامايىش قىلىپ ئاخىردا ئوقاا ئۇچرىغانلىقىڭىز كەچۈرگۈسىز بولسىمۇ ئەمما سىزنىڭ كەيىندىن خىتاي پۇقرالىرىنى  ئۇرۇپ يارلاندۇرۇپ ئۆلتۇرشىڭىز شۇ ئەسكەر جىنايەتچىلەرنىڭ شەرمەندە قىلىقىدىن پەرقى يوق دەپ قارىلىدۇ.دىمەك سىز بۇ ۋاقىتتا دېموكراتىك ئەلدە پاناھلىق تىلىگۈچى ئەمەس خىتاينىڭ توردىن چۈشۈپ قالغان جىنايەتچى بۇلىسىز.شۇڭا  ھىكايىدە ئۇرۇش  ،زىيانكەشلىك قىلىش ،ئۆلتۇرۇش  دىگەن قىلمىشلارنى خىتاي قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى ئىشلىتىشتىن بەك ئاگاھ بۇلۇڭ.

# ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار پاناھلىق تىلىگەن دۆلەتلەر

| دۆلەتلەر | ئورنى | ھۆكۈمەت تىلى ۋە قوشۇمچە تىل | ئۇيغۇرلارنىڭ سانى | قوبۇل ۋاقتى | ۋەتەنداشلىق قاچان؟(يىل) | قوشۇمچە |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ئامرىكا | شىمالى ئامرىكا قىتئەسى | ئىنگلىزتىلى | 1000-1500 | 3ئايدىن — 6 ئايغىچە | 5 | ئوقۇش ھەقسىز ،كىيىن خىزمەتنى ئۆزى تاپىدۇ ،رىقابات كۈچلۈك ، ھايات جىددىيراق |
| كانادا | شىمالى ئامرىكا قىتئەسى | ئىنگلىزتىلى ،فىرانسۇز تىلى | 1500-2000 | 3ئايدىن — 6ئايغىچە | 5 | ئوقۇش ھەقسىز ،كىيىن خىزمەتنى ئۆزى تاپىدۇ ، دۆلەتتىن بىرىدىغان پاراۋانلىق ياخشى ،ئۆيۈس ئاز.خىزمەت پۇرستى كۆپرەك. |
| ئاۋستىرالىيە | ئوكئانىيە قىتئەسى | ئىنگلىزتىلى | 2500-3000 | 3ئايدىن — 6ئايغىچە | 4 | ئوقۇش ھەقسىز ،قانچىلىك ئوقۇيمەن دىسە شارائىت بار ،دىپلوم ئالىش پۇرستى ياخشى ،لىكىن ئىشنى ئۆزى تاپىدۇ.نەرسە كىرەك ئەرزان ،ئۆي قىممەت. چەتئەللىكلەرگە بولغان مىللەتچىلىك ئىدىيسى تۆۋەن. |
| شۋىتسارىيە | مەركىزى ياۋروپا | فىرانسۇزتىلى ،گېرمان تىلى ،ئىتالىيان تىلى ،ئىنگلىز تىلى | 10-50 | ئېنىق مەلۇمات تېپىلمىدى | ئاز بولغاندا 10 يىل | ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدۇق |
| فىرانسىيە | غەربى ياۋروپا | فىرانسۇزتىلى | 300-500 | 1يىلدىن-2 يىلغىچە | 7 | ئوقۇش ھەقسىز ،ھۆكۈمەتتىن بىرىدىغان پاراۋانلىق باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدەك ياخشى ئەمەس.ئىشنى ئۆزى تاپىدۇ ،ئادەم كۆپ ،خىزمەت رىقابىتى كۈچلۈك ،نەرسە كىرەك ئۆي خېلى قىممەت |
| گېرمانىيە | غەربى ياۋروپا | گېرمان تىلى ، ئىنگلىزتىلى | 1000-1500 | 3ئايدىن-بىر يىلغىچە | 8 | قوبۇل بولغاندىن ئوقۇش ھەقسىز ،ئۇنىۋېرسىتلاردا ئوقۇپ ئۇنىۋان ئېلىش ياكى تېخنىكا كەسىپ ئوقۇش پۇرستى ئازراق ، ئىش تېپىش باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا سەل تەسرەك ،دۆلەتنىڭ بىرىدىغان پاراۋانلىق ياردىمى ياخشى .تۇرمۇش رىتىمى تىز ،ئۆي قىممەت ،گېرمانلار سوغوق تەلەت. |
| بىلگىيە | غەربى ياۋروپا | فىرانسۇز تىلى ، | 800- | 1ھەپتىدىن | 2 | ياۋروپانىڭ مەركىزى ،قوبۇل |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | گېرمان تىلى گوللاندىيەتىلى ، ئېنگلىزتىلى | 1200 | -4ئايغىچە | | بولغاندىن كېيىن ئۇقۇش ھەقسىز.ھۆكۈمەت ئۇقۇتۇپ ئىشنقا ئۇرۇنلاشتۇردۇ ،ياخشى ئۇقۇسا ھۆكۈمەت ئورگانلىردا قىينالمايلا ئىش تاپالايدۇ.نەرسە كىرەك ئەرزان.يەرلىكلەرنىڭ مىللەتچىلىكى ئاساسەن تۆۋەن |
| گوللاندىيە | غەربى ياۋروپا | گوللاندىيە تىلى ، ئېنگلىزتىلى | 1000-1300 | 6ئايدىن- 1يىلغىچە | 7 | قوبۇل بولغاندىن كېيىن ئۇقۇش ھەقسىز.كەسپىنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشنى ئۆزى تاپىدۇ.يەرلىكلەرنىڭ مىللەتچىلىكى خېلى كۈچلۈك |
| ئەنگلىيە | غەربى ياۋروپا | ئېنگلىزتىلى | 100-500 | 1ئايدىن__ 6ئايغىچە | 5 | ياۋروپادىكى قىممەت دولەت ،قوبۇل بولغاندىن كېيىن ئۇقۇش ھەقسىز ،ئىش تېپىش رىقابىتى كۈچلۈك ،ئۆي قىممەت. |
| ئېرلاندىيە | غەربى ياۋروپا | ئېنگلىزتىلى | 100-300 | 1ئايدىن- 6ئايغىچە | 5 | ئېنىق مەلۇمات ئالالمىدۇق. |
| دانىيە | شىمالى ياۋروپا | دانىيەتىلى ، ئېنگلىزتىلى | 10-50 | 6ئايدىن - 1ھەتتا2 يىلغىچە | ئېنىق مەلۇمات ئېلىنالمىدى | بۇ دۆلەت توغۇرلۇق ئىگەللىگەن ئۇچۇرمىز بولسا يەرلىكلەرنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيسى بەك كۈچلۈك.ئاڭلىساق ۋەتەنداشلىققىمۇ ئاسانلىقچە ئالمايدۇ دەيدۇ. |
| فىنلاندىيە | شىمالى ياۋروپا | فىنلاندىيە تىلى ، شىۋىت تىلى ، ئېنگلىزتىلى | 100-150 | 1ئايدىن-6 1يىلغىچە | 5 | كۆچمەنلەر سىياسىتى ياخشى ،تاكى فىنلاندىيەگە ئۆزلىشىپ بولغۇچە ھۆكۈمەت ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بىردۇ.قانچىلىك ئۇقۇيمەن دىسە شۇنچىلىك ئۇقۇتىدۇ.كۆچمەنلەر باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئاز شۇڭا خىزنەت پۇرستى ياخشى. |
| شىۋىتسىيە | شىمالى ياۋروپا | شىۋىت تىلى ، ئېنگلىزتىلى | 1000-1200 | يىلدىن- 1 2يىلغىچە | 5 | ئۇقۇش ھەقسىز ،دۆلەتنىڭ بېرىدىغان پاراۋانلىقى ياخشى ، كەسپىنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىش |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | تېپىش مۇمكىنچىلىكى بار.مال باھاسى ئۆي قىممەت. |
| نورۋېگىيە | شىمالى ياۋروپا | نورۋېگىيەتىلى ، ئېنگلىزتىلى | 1000-1500 | 6ئايدىن — 1يىلغىچە | 7 | قۇبۇل بولغاندىن كېيىن دۆلەت ھەقسىز ئۇقۇتىدۇ.ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىش تېپىش پۇرستى كوپرەك.نەرسە كىرەك ئۆي باشقا دۆلەتلەرگە قارغاندا قىممەترەك. |

ئىزاھات:1.ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە شۇ دۆلەتتىكى ھۆكۈمەت تىلدىن باشقا يەنە كىشلەر ئېنگلىزتىلىدا ئالاقە قىلىشىدۇ.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ سانى دىگەن كاتەكچىلەرگە يېزىلغان سانلارنى ئاساسەن شۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقانلار ۋە باشقىلارنىڭ بايانى ئارقىلىق ئېلىندۇ.بۇ مۇقىملاشمىغان تەخمىنى سان سىفىر ،بەلكىم شۇ ساندىن كۆپ بۇلشى مۇمكىن.

3.قۇبۇل ۋاقتى دىگەن كاتەكچىدىكى مۇددەت نورمال ئەھۋالدىكى بالىر قېتىمدىلا مۇۋاپپىقىيەتلىك بولغان ئىلتىماسنىڭ قۇبۇل ۋاقتى. بىرىنجى قېتىم غەلبىلىك بولمىسا ياكى ئىلتىماس قىلىش جەريانىدا خاتالىق سادىر قىلىنسا شۇ مۇددەتتىن ئېشىپ كىتىدۇ ،ھەتتا نەچچە يىل سۇزۇلىدۇ رەت جاۋابمۇ مۇستەسنا ئەمەس.

4.ۋەتەنداشلىق ۋاقتىغا كەلسەك ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىدىن كېيىن شۇ دىيىلگەن ۋاقىتتا ۋەتەنداشلىققا ئىلتىماس قىلدىغان ۋاقتىنى ماتىرىياللاردىن ئېلىندى ،بەزىلىرىنىڭكىنى شۇ دۆلەتلەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئارقىلىق بىلدۇق ،ئۇچۇر ئالالمىغان دۆلەتنىڭكىنى ئەسكەرتىپ قويدۇق ۋە . بەلكىم كەلگۈسدە بۇ سان سىفىرلار دۆلەتنىڭ يېڭى قانۇنى ئارقىلىق كۆپىيىپ قالار ياكى ئازىيار.

5.قۇشۇمچە دىگەن كاتەكچىدە شۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆچمەنلەرگەقارتا بولغان قىسقىچە ئەھۋالى(سىياستى ) ،كىينكى تەرەقىياتقا ئائىت ئۇچۇرلار بىرىلدى ،ئەلۋەتتە سىز تېخىمۇ ئېنىق تەپسىلى بولغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن ئالالايسىز.

---

تېخىمۇ تەپسىلى ئۇچۇرلارنى بىرەلمىگەنلىكىمدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرە سورايمەن .شۇنداقلا بارلىق قېرىنداشلىرىمنىڭ كەلگۈسى نىشانىغا يىتىشى ئۇچۈن كىچە -كۈندۈز دۇئا قىلمەن.پات يېقىندا بىللە قول تۇتۇشۇپ مۇستەقىقلىق ناخشىسى توۋلاپ ۋەتەنگە قايتقايمىز ئىنشا ئاللا!!!!!!